
ETHNIC UNITY
1998.5
全国百种重点社科期刊
中华人民共和国
新闻出版署
1998-1999
ئەجىر قىلىپ گۈل ئۆستۈردۇق ئۇنى بىل قىش، ياز
ئەل ئالقىشى مەدەت بىزگە، كۆڭۈللەر ساز
ئابلەت ئابدۇرېشىت: تەبرىك ۋە ئۈمىد
بىلىم ئىگىلىكى ۋە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر
بىلىم بۇلىقى (شېئىر)
يول
مىللەتلەر ئىتتىپاقى

دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ بېغىشلىمىسى:

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى

ئېگىز كۆتۈرۈپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى

داۋاملىق تىرىشىپ ياخشى چىقىرىشىڭلارغا تىلەكداشمەن!

— «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە،

قازاقچە نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى

مۇبارەكلەيمەن!

ئىسمائىل ئەھمەد

1998-يىل 12-ئاۋغۇست

扩大發行
促進了解
加强各民
族之間的
团结

祝民族团结杂志
维文版哈文版创刊
十周年
戊寅年五月书于
北京 李晋有

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جىنيۇنىڭ بېغىشلىمىسى:

تارقىتىشنى كېڭەيتىپ، چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتەيلى

— «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى مۇبارەكلەيمەن.

يولۋاس يىلى باھاردا بېيجىڭدا يېزىلدى لى جىنيۇ

高举邓小平理论伟大旗帜继续努力办好《民族团结》杂志!

祝《民族团结》杂志维吾尔文版、哈萨克文版创刊 10 周年

司马义 · 艾买提

一九九八年八月十二日

«ۇلتتار ىنتىماعى» جۋرنالىن جاقسى باسقارىپ،
وتان تۇتاستىعىن قورعاۋ، ۇلتتىق رايونداردىڭ دامۋىن
ىلگەرىلەتۋ جولىندا ۇلەس قوسايىق.

ىسحاق كەرىمباي ۇلى

1998 · 8 · 4

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسھاق كەرىمباينىڭ بېغىشلىمىسى:

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇڭلار.

1998 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

# مۇھەررىردىن تەۋسىيە

بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،

ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.

## ***تەلپ تۇرىمىزنىڭ ئىززەتلىك مېھمىنى: ژۇرنىلىمىزنىڭ غەمگۇزارلىرى، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر ۋە ئاپتور دوستلار:***

ژۇرنىلىمىزنىڭ مەزكۇر سانىدىكى بىرمۇنچە ماقالە ـ ئەسەرلەر ۋە سۈرەتلەر ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى خاتىرىسىگە بېغىشلاندى: ھۆرمەتلىك رەھبىرىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ غەمگۇزارلىرىدىن بىرى ئىسمائىل ئەھمەد ئاتايىتەن بېغىشلىما يېزىپ بەردى (مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىگە قاراڭ)؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلاپ **«تەبرىك ۋە ئۈمىد»** ئەۋەتىپ، ژۇرنىلىمىزنى **«مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تونۇشتۇرىدىغان كۆزنەك؛ جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداشلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك؛ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى توغرا جامائەت پىكرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بايراق؛ ئوقۇرمەنلەرنى يېڭى بىلىم ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدىغان بۇلاق»** دەپ تەرىپلىدى ( 4 ـ بەتكە قاراڭ)؛ يەنە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ژۇرنىلىمىز خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى لى جىنيۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمبايمۇ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. ژۇرنىلىمىز مۇھەررىرلىرىنىڭ 10 يىللىققا بېغىشلانغان قەلب سۆزلىرى **«ئەجىر قىلىپ گۈل ئۆستۈردۇق ئون يىل قىش، ياز / ئەل ئالقىشى مەدەت بىزگە، كۆڭۈللەر ساز»** (مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە) دېگەن ماقالىدە، **«يول»** ناملىق لىرىك نەسرىدە (26 ـ بەتكە قاراڭ) ۋە قىستۇرما رەڭلىك بەتتىكى مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ سۈرىتى ئاستىدا ئىزھار قىلىندى. ئوتتۇرىدىكى رەڭلىك بەتتە **«10 يىللىق ئىزىمىز»** يېزىق ۋە سۈرەتلەر بىلەن نامايان قىلىندى. ئابدۇكېرىم ئۆمەرنىڭ **«بىلىم بۇلىقى»** ناملىق شېئىرىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ژۇرنىلىمىز ھەققىدىكى باھاسى شېئىرىي شەكىلدە ئىپادىلەندى.

چېن خۇڭنىڭ بۇ سانغا بېرىلگەن **«پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرەيلى»** ناملىق ماقالىسىدە دۆلىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ 5 يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەكۈنلىنىپ، 1998 ـ يىللىق ئاساسىي ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئۈچۈن يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ساندىكى **«بىلىم ئىگىلىكى ۋە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر»** ھەم بىلىم ئىگىلىكىنىڭ جانلىق دەلىلى بولغان **«ياخۇ (Yahoo ) ھەققىدە ھېكايە ۋە باشقىلار»** قاتارلىق ماقالىلەر سەزگۈر ئوقۇرمەنلىرىمىزنى يېڭى بىر دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ ماقالىلەردىن بىلىم ئىگىلىكى دېگەن يېڭى ئۇقۇم ھەققىدە دەسلەپكى تونۇشقا ئېرىشىسىز، كېيىنكى ئىزدىنىش ئۆزىڭىزگە باغلىق. ژۇرنىلىمىز بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق يېڭى ئۇقتىسىنەزەرلىك، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىدۇ. بۇ ساندىكى **«گۈلدەستە»** سەھىپىمىزگە خېلى ئەسەرلەر بېرىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قېيۇم تۇرنىڭ **«تەكلىپ»** ناملىق قىسقا شېئىرىدا باشلىقلارنىڭ سەھراغا بېرىشى تەكلىپ قىلىنغان. نېمىشقا باشلىقلار سەھراغا تەكلىپ قىلىنىدۇ؟ سەۋەبىنى ئۆزىڭىز كۆرۈۋېلىڭ.

***ئەقىللىق ئوقۇرمەن: سەمىڭىزدە بولسۇنكى، كېلەر يىلى ژۇرنىلىمىزدا ھەممە كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان يېڭىلىقلار بولىدۇ، بۇلارنى ژۇرنىلىمىزنىڭ 61 ـ بېتىدىكى «مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرگە ۋەدىسى» دىن بىلىۋېلىڭ. پىكىر، تەكلىپ، تەلەپلىرىڭىز بولسا، ژۇرنىلىمىزنىڭ 62 ـ بېتىدىكى گرافىغا تولدۇرۇپ تېزدىن بىزگە ئەۋەتىۋېتىڭ. خەير، كېلەر يىلى دىدار كۆرۈشمەي قالمايلى.***

# مۇندەرىجە


### ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت...

تەبرىك ۋە ئۈمىد — ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ
10 يىللىقىغا بېغىشلايمەن.......................... ئابلەت ئابدۇرېشىت (4)
ئەجىر قىلىپ گۈل ئۈستۈردۇق ئون يىل قىش، ياز
ئەل ئالقىشى مەدەت بىرگە، كۆڭۈللەر ساز .......... (مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە)
يول — «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن...
............................................ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (26)
بىلىم بۇلىقى (شېئىر) ..................... ئابدۇكېرىم ئۆمەر (29)
10 يىللىق هاسىلات ............................................ (25)

### ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىسى

پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى
ئومۇميۈزلۈك يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرەيلى .................... چېن خۇڭ (6)

### ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات

بىلىم ئىگىلىكى ۋە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ..... جىڭ چيەن (16)
ياخۇ (yahoo) ھەققىدە ھېكايە ۋە باشقىلار.......................... (20)

### جاھانغا نەزەر

ئامېرىكا تەسىراتلىرى (ساياھەت خاتىرىسى) ........... ئىدرىس بارات (30)

### تۆھپىكارلار

قەيسەر ئىرادە، شانلىق مۆجىزە .................... ئابدۇكېرىم راخمان (37)

### مىللىتىم ھەققىدە پارالق

ئارزۇلۇقلار تەقدىرىنىڭ جاۋابكارى كىم؟...... ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراھمان (42)

### جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر

قەدىر- قىممەت ............................ ...................... (44)
تۇرمۇش (قاتارلىق 4 پارچە) ............................................ (45)

### سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش

غىزادىن كېيىنكى 7 قىلماسلىق (قاتارلىق 4 پارچە) ..................... (47)



# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ
باشچىلىقىدا خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق،
چاۋشيەن تىللىرىدا چىقىدىغان سىياسىي،
ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرناللىرى
نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
لى جىنچى (مياۋزۇ)

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ليۇ جىنسو (موڭغۇل)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
ئىدرىس بارات
چېن لېچى (دۇڭزۇ)

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى:
جاڭ دېگەن (موڭغۇل)

ئۇيغۇرچە نەشرى
(ئومۇمىي 60 - سان)
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
باش مۇھەررىر: ئىدرىس بارات
تېلېفون: 2834567
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ياسىن هاۋازى
تېلېفون: 2837021

نۆۋەتچى تەھرىرى: خەمىت نېغمەت


ماقالە ئەۋەتىڭ مۇشتەرى بولۇڭ قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

# مۇندەرىجە



(ئۈرۈمچى جەنۇبىي تىنچلىق يولى 204 ـ نومۇر 2 ـ بىنا D لىشىك)

پوچتا نومۇرى: 830001

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 15ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

ھەر يىلى 5 ـ ۋە 10 ـ ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ

ۋاكالەت نومۇرى: 117 ـــ 58

## بىلىم دۇردانىلىرى

دوكتورئاشتىلىق تۈزۈمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ...................... (48)
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى (قاتارلىق 5 پارچە) ................ (49)

## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلار ۋە ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇنۇلغان 3 سوئال............................................... (50)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

چەت ئەل يۇمۇرلىرى ................................................ (52)

## گۈلدەستە

كۈنچىقىشقا سەپەر (چاتما) ..................... مۇھەممەتئېلى زۇنۇن (54)
دالىيەن تەسىراتلىرى ........................ ماخمۇت مۇھەممەت (55)
تەكلىپ (شېئىر) ..................................... قېيۇم تۇر (59)
مەنمەنلىك، مەغرۇرلۇق مۇدھىش مەرەزدۇر (سۆز ئويۇنى) ............
.............................................. مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق (60)
يەنمۇ يۈكسەل يۇرتۇم (سۆز ئويۇنى) ... ئەنۋەر ئابلەت (شەيدائى) (60)
ھۆسنخەتلەر ........................... قاھار ئوسمان يازغان (63)

## بەت ئاستى چىمەنزارى

مۇھەررىردىن، ئوقۇرمەندىن، قەلب چىرىغى، چاقماق خەۋەر، ئۆزگۈ تىلەك، ھېكمەت، شەيتان لۇغەت قاتارلىق كىچىك سەھىپىلەردە دۇردانىلەر بېرىلدى... (4ـ 63)

## گۈزەل سەنئەت گۈلزارى

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلانغان كىرىشتۈرمە سۈرەت مۇقاۋىنىڭ 2ـ بېتىدە: رەھبەرلەرنىڭ ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا ئاتاپ يازغان بېغىشلىمىلىرى ..............................
ئوتتۇرا ئاچما بەتتە: 10 يىللىق ئىزىمىز......................................
ئوتتۇرا ئوڭ بەتتە: مۇھەررىرلەرنىڭ قەلب ئىزھارى (ئۇيغۇر بۆلۈمدىكىلەر)...
ئوتتۇرا سول بەتتە: مۇھەررىرلەرنىڭ قەلب ئىزھارى (قازاق بۆلۈمدىكىلەر)
مۇقاۋىنىڭ 4ـ بېتىدە: قەشقەر ۋىلايەتلىك كىنو فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش شىركىتىنىڭ ئېلانى
مۇقاۋا ۋە قىستۇرما بەتلەرنى ئابدۇسالام ئابدۇراخمان لايىھىلىگەن

**ماقالە ئەۋەتىڭ　　مۇشتەرى بولۇڭ　　قەدەم تەشرىپ قىلىڭ**

# تەبرىك ۋە ئۈمىد

## ـــ ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلايمەن

ئابلەت ئابدۇرېشىت
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى



«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى مەركەز، گوۋۇيۈەن ۋە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ھەم قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە تولغان 10 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. 10 يىل بىر ژۇرنال ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ غۇنچىلىرى پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان قىران دەۋرىگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. 10 يىل مابەينىدە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزىنىڭ توپ مەقسىتى قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر نەزەرىيىسى ۋە سىياسىتىنى، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى شانلىق نەتىجىلىرى ھەم جۇشقۇن روھىي قىياپىتىنى تەشۋىق قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى، ئۆزئارا ئۆگىنىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ئەتراپلىق، ئۈنۈملۈك ۋە جانلىق تەشۋىقاتلارنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى ھەم 2 مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، ئاكتىپ رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چۆرىدىگەن ھالدا خەۋەر بېرىشتەك ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تونۇشتۇرىدىغان كۆزنەك؛ جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ «ھەممەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش»لىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك؛ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى توغرا جامائەت پىكرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بايراق؛ ئوقۇرمەنلەرنى يېڭى بىلىم ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدىغان بۇلاق بولۇش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئاكتۇئال سىياسىي مەزمۇن ۋە زور نەزەرىيىۋى بىلىملەر بىلەن كىشىلەرگە زوق بېرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئىشتىياقىنى تاۋلايدىغان ساغلام مەزمۇنلارنى بىر قەدەر ياخشى بىرلەشتۈردى. ژۇرنال

ETHNIC UNITY

رېداكسىيىسىدىكى خادىملار خىزمەت جەريانىدا تەجرىبە ساۋاقلارنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ئاكتىپ ئىزدىنىش، جاپالىق مېھنەت سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يىلدىن-يىلغا يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەشۋىقات ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي تەشۋىقات خىزمىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئورنى ۋە رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ژۇرنالنى تارقىتىش، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئاكتىپ قوللىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، كەڭ كادىر ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپ ماسلىشىشى، شۇنداقلا ژۇرنال خادىملىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تىرىشىشى نەتىجىسىدە ژۇرنالنىڭ ھەرقايسى جەمئىيەتتىكى تەسىرى تولۇق نامايان قىلىنىپ ۋە كېڭىيىپ مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى يۇز خىل نۇقتىلىق قەرەللىك ژۇرنال قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ نەتىجە ۋە ئىلگىرىلەشلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭدىن خۇشاللىنىشقا ئەرزىيدۇ.

ژۇرنال تەشۋىقاتى پارتىيىمىزنىڭ تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. بولۇپمۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىمىز 21 ـ ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك يۈزلەنگەن، ئىسلاھات ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن، تەرەققىيات قەدىمى بارغانسېرى تېزلىشىۋاتقان بۇ ھالقىلىق پەيتتە، مەخسۇس مىللەتلەر تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك ژۇرنال «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ئالاھىدە مۇھىم ۋەزىپە ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان.

ئالدى بىلەن مەن ژۇرنىلىڭلارنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، دېڭ شاۋپىڭنىڭ مىللەتلەر نەزەرىيىسىنى، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەپ، ئۇلاردا توغرا مىللەت قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ يېقىن ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى تەشۋىقاتچى ۋە يېتەكچى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتونوم رايونىمىز ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون، تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىت قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەرەققىي قىلغان رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا تېخى كۆپ ئارقىدا. نۆۋەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنى ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، نۇرغۇن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بىز ئەڭ ياخشى تارىخىي پۇرسەت ۋە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولدۇق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈشتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش ھەمدە ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش باشتىن ـ ئاخىر خىزمەتلىرىمىزنىڭ مەركىزىي ھېسابلىنىدۇ. «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ بۇ جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىزمەتلىرىگە پائال ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەت ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئۇچۇر ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئالماشتۇرۇش تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقىمىزنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ روھىنى ئۇرغۇتۇش، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، مىللەتلەر بۈيۈك ئائىلىسىدە ئورتاق گۈللىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش تەرەپلىرىدە يەنىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى، تېخىمۇ مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى يەنىمۇ روناق تاپسۇن!

1998 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

ETHNIC UNITY

# پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرەيلى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى **چېن خۇڭ**

**پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە غايەت زور ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلدى**

پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى 5 يىل ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىلگىرىلەش ئىگىلىگەن 5 يىل، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى مەركىزىي نۇقتىنى چۆرىدەپ، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بارغان 5 يىل بولدى. 5 يىل ئىلگىرىلىگەن ئارقىلىق، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى پۇختا قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

***(1) مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ چوڭ سىياسەت ـ فاڭجېنلىرى قەتئىي ئىجرا قىلىندى***

80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلاردا مىللىي مەسىلە سەۋەبىدىن داۋالغۇش يۈز بەردى ھەتتا پارچىلىنىش پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن مىللىي مەسىلە خەلقئارا جەمئىيەت ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. دۆلەت ئىچىدە ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر خىزمىتىمۇ يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەرگە دۇچ كەلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مىللەتلەر خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، 1992 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، ئېلىمىزنىڭ 90 ـ يىللاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىدىكى چوڭ سىياسەت ـ فاڭجېنلىرىنى ۋە ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنى بېكىتتى. 1994 ـ يىلى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ نۆۋەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە مۇھىم يوليورۇق بەردى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا مەركەز 3 ـ قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىردى؛ 9 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن 2 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنى چاقىردى، باش شۇجى جياڭ زېمىن، زۇڭلى لى پېڭ بۇ ئىككى يىغىندا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇھىم سۆز قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا ئالاقىدار بولغان بىرقاتار ھۆججەتلەرنى تارقاتتى، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا كۆپ قېتىم تەكشۈرۈشكە بېرىپ، تەرەققىياتنىڭ بۈيۈك پىلانى ئۈستىدە ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىسى بىلەن ئورتاق كېڭەشتى. مانا بۇلار يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن توغرا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى چوڭ سىياسەت ـ فاڭجېنلىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا تۆرلۈك ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇردى: خىزمەت يۆنىلىشى جەھەتتە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ،

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقتا بېرىلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى؛ خىزمەت مەزمۇنى جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىدى؛ خىزمەت ئۇسلۇبى جەھەتتە، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى؛ خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە، ئۆزلىرىگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇپ، بىرلىكتە ئالغا سۈرۈپ، خىزمەتنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە ئالغا سۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەرنى قازاندى.

***(2) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى***

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قارىتا بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن غەربىي قىسىم رايونلارنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتتى، مالىيىنىڭ يۆتكەپ چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەرەققىيات مەبلىغىنى، كېيىش ـ تويۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەبلىغىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل مەبلىغىنى يىلدىن يىلغا كۆپەيتتى، 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مىللىي سودا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتا «تۆۋەن ئۆسۈمدە قەرز پۇل بېرىش، باج ـ پايدىنى كەچۈرۈم قىلىش، مەخسۇس تۈرلەر بويىچە مەبلەغ سېلىش» قاتارلىق بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى بىرلىكتە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى دۆلەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىكى سىناق نۇقتىسىدىن 9 نى قۇردى. «دۆلەتنىڭ 7 يىلدا 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى»نى تېز يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى، ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ياخشىلاندى، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىقتىسادتا تېز ئېشىش ساقلاپ قېلىندى. يېڭىدىن قوشۇلغان تۆمۈر يولنىڭ توشۇش مۇساپىسى 3400 كىلومېتىرغا، تاشيول مۇساپىسى 38 مىڭ 400 كىلومېتىرغا يەتتى، بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تايانچ قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تاماملىنىپ، ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلدى. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى، تاشيولى شۇنىڭدەك قۇدۇق قېزىپ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى.

***(3) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى***

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش 5 يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولدى. گوۋۇيۈەن چاقىرغان 2 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا 642 ئىلغار ئورۇن ۋە 613 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەرقايسى تارماقلار تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە تەقدىرلەشنى دائىملىق خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىيات پائالىيىتىنى تېزدىن ـ ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇردى. ھەرقايسى جايلار يەنە «مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىيات ئىبىى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار ناھىيە بەرپا قىلىش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ھەمكارلىق، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ئىشلىرى كۈچلۈك جامائەت پىكرىگە ۋە ياخشى ئەخلاقىي كەيپىياتقا ئايلاندى.

چېگرا رايونلاردىكى مىللىي مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى ۋە مۇقىم بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. دۆلىتىمىزدىكى 30 نەچچە مىللەت چېگرا ھالقىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھەرقايسى جايلار قوشنا ئەللەرنىڭ مىللىي سىياسىتى، مىللىي مەسىلىگە بولغان چۈشەنچىسى ۋە تەتقىقاتىغا دىققەت قىلىشى كېرەك. 1997 ـ يىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يۈننەن ئۆلكىسىدە چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ چېگرا رايونلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش، چېگرا رايونلارنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

بايرىقىمىز روشەن ھالدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە شىزاڭ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشچىلىقىدا ھەر مىللەت خەلقى دالاي گۇرۇھى ۋە ئەيسا گۇرۇھىنىڭ سۇيىقەستلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل پاش قىلىپ، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بەردى. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللەت، دىن ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزگە قىلغان ھۇجۇملىرىغا قايتۇرما زەربە بېرىپ، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلىدى.

***(4) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، مىللەتلەرگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى سىستېمىسى بەرپا قىلىندى***

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى — ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك تۈزۈمىنىڭ 3 خىل شەكلىنىڭ بىرى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەر 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بۇ 5 يىل ئىچىدە، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى توغرا كەلدى، مەركەز يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتتى، بۇ دۆلەتنىڭ ئىچىدىمۇ، خەلقئارادىمۇ زور تەسىر پەيدا قىلدى. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ 10 يىللىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىمۇ ئوبدان ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتى تەشۋىق قىلىندى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى ئاساسىي تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر روھىي قىياپىتى نامايان قىلىندى، تاشقى تەسىر كېڭەيتىلدى.

مىللەتلەرگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مۇھىم بىر تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. 1991 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، گوۋۇيۈەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇشتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەرگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى مۇھىم تەدبىرىدۇر. 1993 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ۋە ھوقۇق بېرىشى بىلەن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئېلان قىلىپ يولغا قويغان «مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى» ۋە «شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى» مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئارىلاش، تارقاق

ETHNIC UNITY

ئۇلتۇراقلاشقان رايونلاردىكى مىللەتلەرگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھەرقايسى رايونلار مىللەتلەرگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھازىرغا قەدەر 5 ئاپتونوم رايوندىن باشقا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەر ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈپ چىقتى. بىر قىسىم ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ يەرلىك قانۇن - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر گوۋۇيۈەننىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى، «شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى»نى ۋە «مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ يولغا قويۇش پرىنسىپىنى تۈزۈپ چىقتى. تەۋەلىكىدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك بىرلىكلەر بار بولغان ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر)لەر «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشتىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە ئۇنى ئېلان قىلدى.

***(5) ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈلدى، تاللاپ ئۆستۈرۈلدى، ئىشقا قويۇلدى***

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش جۇڭخۇا ئېلىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى بۇ خىزمەتكە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پىلان تۈزۈپ، تەدبىر قوللىنىپ، خىزمەتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇۋاپىقلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. 1993 ـ يىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىرلىكتە چاقىرغان «ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى»دا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر» ۋۇجۇدقا كەلدى. ئالاقىدار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشتى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يەنە مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى. 1996 ـ يىلى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك كەسپىي خادىملار 2 مىليون 400 مىڭغا يەتتى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان رولىنى جارىي قىلدۇردى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنى تەشكىللەش ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، خىزمەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ھېسسىياتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك شەكلى.

***(6) سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى***

مىللەتلەر خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

مىللەتلەر مائارىپى ئىشلىرىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى

ETHNIC UNITY

مۇھەررىردىن: ھۆرمەتلىك چولڭ ھاجى يولنۇپ ژۇرنىلىمىزغا تەكلىپ بەرگەنلىكىڭىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت!

بىلەن دۆلەت ماالىيە كومىتېتى 1992 - يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى، ئۇ يىغىننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ھەرقايسى جايلار ۋە ھەرقايسى تارماقلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشىغا، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا پائال ياردەم بەردى.

***(7) مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، خىزمەت سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى***

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بەردى. بۇ ئارقىلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، فۇنكسىيىسى ۋە قوشۇنى كۈچەيتىلدى. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى پائال ياخشىلاپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتى دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلىدى ۋە يېڭى يول ئۈستىدە ئىزدەندى.

5 يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى ئەسلىسەك، شۇنى ھېس قىلىمىزكى: مىللەتلەر خىزمىتى پۈتۈن پارتىيىنىڭ خىزمىتى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە، دۆلەتنىڭ بىرلىككە ۋە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش زۆرۈر؛ مىللەتلەر خىزمىتى ھەممە تەرەپكە چېتىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ يادروسى ئىتتىپاقلىق - تەرەققىياتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسىدۇر؛ مىللىي مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، چوقۇم سۆز بىلەن قايىل قىلىش، تەربىيە بېرىش، يېتەكلەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قەتئىي زەربە بېرىشىمىز كېرەك؛ مىللىي مەسىلە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى، مىللىي مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تايىنىدۇ، مىللەتلەر خىزمىتىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىبارەت بۇ مەركەزنى باشتىن - ئاخىر چۆرىدەپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ يېرى كەڭ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى كۆپ جەھەتتىن پەرقلىق، شۇڭا خىزمەت جەريانىدا چوقۇم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇشىمىز لازىم. مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ، شۇڭا ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشىنى ۋە ماسلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم؛ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى خىزمىتىنىڭ كۆرۈش سېپى ئۇزۇن، قىيىنچىلىقى كۆپرەك بولۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندا، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئامما ئۈچۈن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرگەندىلا ئاندىن ئىشلىرىمىزنى چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز.

ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە مۇشۇنداق زور نەتىجىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئەڭ ئاساسىي نۇقتا دەل پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان، تارىخ ۋە ئەمەلىيەتنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان لۇشيەن ۋە فاڭجېن - سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىققانلىقىدا. مىللەتلەر باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە توغرا يول ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى.

ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە قازانغان ئۇتۇقلىرى



ETHNIC UNITY

ھەممىسىگە ئايان. بىراق، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىدىكى يولداشلىرىمىز شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشى كېرەككى، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، بەزى جايلارنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش سالمىقى ئانچە يېتەرلىك ئەمەس؛ چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئامىللار ھېلىھەم مەۋجۇت، ئاساسلىقى ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەر مىللەت ۋە دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلماسلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق ۋەقەلەر پات - پات كۆرۈلمەكتە؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا، نامراتلىق دائىرىسى كەڭرەك بولماقتا. شۇڭا بۇ مەسىلىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، كۈچ سەرپ قىلىپ ئەستايىدىل ھەل قىلىشنى تېزلىتىشىمىز كېرەك.

## 1998 - يىللىق خىزمەتلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا

1998 - يىلى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تۇنجى يىلى، شۇنداقلا 9 - بەش يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ بىر يىل. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ بۇ يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە باش ۋەزىپىسى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، 15 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم دۆلىتى قۇرۇش جەريانىدا، مىللەتلەرگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. تىرىشىپ ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاپالىق مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈشىمىز لازىم. تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى كونكرېت ھالدا ئوبدان تۇتۇشىمىز كېرەك:

***(1) ئۇلۇغ بايرىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە 15 - قۇرۇلتاي روھى بويىچە ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم***

پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۆتكەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم پەيتتە چاقىرىلغان زور ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن. يولداش جياڭ زېمىننىڭ دوكلاتىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، 14 - قۇرۇلتايدىن بۇيانقى تۈرلۈك ئىشلاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجىلەر خۇلاسىلەندى، كېيىنكى ئەسىردىكى ئالدىنقى 50 يىللىق كۈرەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلدى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ يېڭى ئەسىرگە قەدەم تاشلاشتىكى سىياسىي خىتابنامىسى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسىدۇر. 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشان قانۇنىي تەرتىپلەر ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندى. مىللەتلەر خىزمىتى يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەرگە دۇچ كەلمەكتە.

ETHNIC UNITY

ئوقۇرمەنلەردىن: جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەزىز دوستلىرى ژۇرنالىمىزنىڭ 10 يىللىق توپلۇق مەرىكىسىنى ئورتاق تەبرىكەيلى! (غۇلجىدىن: يارمۇھەممەت)

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى، جۇڭگودا مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى كۈچلۈك مەنىۋى تۈۋرۈك. مىللەتلەر توغرىسىدىكى نەزەرىيە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ، ئۇ ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان بولۇپ، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، ئۇ يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئىلمىي قىبلىنامىدۇر. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى تولۇق، توغرا ئىگىلەش ئۈچۈن، تولۇق تەييارلىق ئاساسىدا مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە مىللەتلەر خىزمىتى»نى مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە چوڭقۇر ئۆگىنىش ئارقىلىق، كەڭ كادىرلارنىڭ مېڭىسىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوراللاندۇرۇپ، خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچى قىلىشىمىز ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. 15- قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسىنى 15 - قۇرۇلتاينىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ - قۇدرىتىنى 15 - قۇرۇلتايدا ۋە 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇجەسسەملەپ، مىللەتلەر خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

***(2) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئىقتىسادىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم***

پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە قايتا تەكىتلىنىپ، دەسلەپكى باسقۇچنىڭ ئاساسىي پروگراممىسى بېكىتىلدى، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ مەركىزىدۇر.

مىللەتلەر خىزمىتى چوقۇم بۇ مەركەزنى چۆرىدەپ مۇشۇ مەركەز ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەر ئالدىدا، مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ئىدىيىدە تېخىمۇ ئازاد بولۇپ، دادىل ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدىكى ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «ئىككىدە تۇتۇپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ياساش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىقتىدارىنى ئىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت تەرەققىياتى بىلەن ئۇيغۇنلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئىقتىسادىي خىزمەتلەردە: بىرىنچىدىن، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش قائىدىسىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەھلىل ۋە تەتقىقاتنى ياخشى ئېلىپ بېرىش؛ ئىككىنچىدىن، مىللىي سودا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش؛ ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى باج، مالىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىگە پائال قاتنىشىش؛ تۆتىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ۋە نامراتلارنى نۇقتا بويىچە يۆلەش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش، تەييارلىق خىزمەتلىرى پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، نامرات رايونلار ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، نامرات رايونلار ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەدبىر بەلگىلەش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق تەرەققىياتنى تېزلىتىشىمىز كېرەك.

***(3) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى***

لوتۇرمەندىن: 10 يىلغىلارغا مۇبارەك بولسۇن، پارلاق كېلەچەك سىلەرگە مەڭگۈ قۇچاق ئاچقاي! (قەشقەردىن: ئوبۇلقاسىم)

ETHNIC UNITY

***مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم***

مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى، ئىجىل، مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشقا تۆھپە قوشۇش تۈۋەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ. كەمسىز ئالمىشىدىغان پەيتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئومۇمەن ياخشى بولماقتا. باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى كۈندىن - كۈنگە مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتلىرى ھەقىقىي ھۆرمەتكە ئېرىشتى ۋە قوغدالدى. ۋاھالەنكى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللارغىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئىقتىسادىي پايدا - مەنپەئەت توقۇنۇشى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلماسلىق ۋەجىدىن كېلىپ چىققان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق ۋەقەلەر پات - پات كۆرۈلمەكتە. ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەر ۋە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى داۋاملىق ئېلىپ بارماقتا. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى چوقۇم كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىق - تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى قەتئىي چۆرىدەپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بايرىقىنى باشتىن - ئاخىر ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوتسيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق مۇستەھكەملىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىشى لازىم. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەققىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بارلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي سىياسەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىللەتلەرگە ئائىت بىلىملەرنى كەڭ تۈردە تارقىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەش ۋە قوغداش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق ۋەقەلەرگە قارىتا ئېھتىياتچانلىق تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ ۋە قاتتىق زەربە بېرىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز لازىم. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بازىسى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم؛ تۈرلۈك شەكىلدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە نەمۇنىچىلارنى بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» ۋە ئارمىيە - خەلق مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى تىرىشىپ بەرپا قىلىشىمىز لازىم. بۇ يىل دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بىرلىشىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق ئېلىپ بارىدۇ.

***(4) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك***

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ 15 - قۇرۇلتايدىكى دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەلىپى بىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلىشىمىز ئۈچۈن يۆنىلىشنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ھازىرقى باسقۇچ شارائىتىدا، سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەدرىجىي يوسۇندا بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتى جەھەتتە بىرمۇنچە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى.

بۇنىڭدىكى يادرولۇق مەسىلە سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا قاراتقان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قانداق يولغا قويۇش دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا، بىر تەرەپتىن، سىياسەت كۆز قارىشىمىزنى مۇستەھكەم ئورنىتىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، مەۋقەيىمىزنى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئاساسىغا قويۇپ، مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇناسىۋەتلىك

ETHNIC UNITY

تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ سېلىشتۇرۇپ، دەلىللەپ چىقىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى سىياسەت، تەدبىرلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاساسىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە زور كۈچ سەرپ قىلىپ ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ھەرقايسى جەھەتلەرنىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىرلەشمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، مىللىي سىياسەتنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى بىرلىكتە ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك.

***(5) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەرگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك***

بىزنىڭ دۆلىتىمىزدەك بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتتە، دۆلەتنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشىنى قوغداش بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كېپىللىك قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ھەم دۆلەتنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشى گەۋدىلەندۈرۈلدى، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى،جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. 15 - قۇرۇلتاينىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن تۈرغۈزۈش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن - نىزاملار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش نۆۋەتتە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيە ئىشلىرى بويىچە 3 - بەش يىللىق پىلانى»نى يولغا قويۇشنى ئەستايىدىل ئويۇشتۇرۇپ، مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن - نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، نازارەت ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇن- نىزاملارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. «مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى» ۋە «شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، خىزمەت سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، تارقاق، ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈشىمىز كېرەك.

***(6) مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك***

15 - قۇرۇلتاينىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ئاساسىي نىشان ۋە ئاساسىي سىياسەت بويىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، مىللىي ئالاھىدىلىكنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسىنى ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ چىقىرىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مەنىۋى قۇۋۋەت ۋە ئەقلىي مەدەت ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك. پەننىي ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ھەر خىل تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال ئىشلىشىمىز كېرەك. مىللىي مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋە ھەر خىل تىپتىكى تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئاخبارات - نەشرىيات ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمىي ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

چاقماق خەۋەر: قاھار ئوسمان سىزنىڭ تەرجىمە ئەسىرىڭىز ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەركى سانىدا چىقىدۇ.

**(7) مىللىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك**

دۆلەتنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى بويىچە مىللىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ھەققىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ يېتىشتۈرۈش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئۈچۈن لاياقەتلىك بولغان ھەر خىل كەسپىي خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىشىمىز كېرەك.

تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا بولغان سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىشىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ۋە چوڭلار مائارىپىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە ھەمكارلىشىشى كېرەك. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، پەنلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ساپاسىنى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

**(8) جان - پىدالىق بىلەن ئىگىلىك يارىتىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسپتە پىششىق، ئىستىل جەھەتتە چىڭ بولغان مىللەتلەر خىزمىتى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك**

9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان «گوۋۇيۈەننىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسى»دە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئىدىيىۋى تەشكىل ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىمىزگە ئېلىشقا تېخىمۇ ئوبدان ئالالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك. 15 - قۇرۇلتاي روھى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى، ئىشلىشى تەڭكەش بولغان، ھەرىكىتى قېلىپلاشقان مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش» دېگەن تەلەپكە ئاساسەن، ئىجتىمائىي باشقۇرۇشنى ئۈنۈۋېرسال ماسلاشتۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىدىكى كادىرلار جان - دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئىشلەش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش، ئوبدان روھىي ھالەتنى ۋە جۇشقۇن ئىرادىنى ساقلىشى، بەجانىدىللىق بىلەن ئىشلەپ ھەرقانداق ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالايدىغان بولۇشى ۋە ئەقىل - پاراستىنى، ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئەسىر ئالمىشىدىغان مىللەتلەر خىزمىتىنى تىرىشىپ ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىغا قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ 3 ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، 2 ئۆستۈرۈشنى ئورۇنداش، 1 ئوبراز تىكلەشتىن ئىبارەت. «3 ئۆزگەرتىش» دېگىنىمىز: كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئەنئەنىۋى كۆز قاراشتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى كۆز قارىشىغا ئۆتۈش؛ فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇقۇل ھالدىكى كونكرېت ئىشلاردىن ھەم كونكرېت ئىشنى باشقۇرىدىغان، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان بولۇش، ھەم ماكرو جەھەتتىن تۇتۇشقا، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇشقا، قائىدىنى، سىياسەتنى تۇتۇشقا ئۆتۈش؛ ئىستىلنى ئۆزگەرتىش، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن پۇختا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. «2 نى ئۆستۈرۈش» دېگىنىمىز: خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. «1 ئوبراز تىكلەش» دېگىنىمىز: مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئوبدان ئىجتىمائىي ئوبرازىنى، مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كادىرلارنىڭ خەلقنىڭ چاكىرى دېگەن ياخشى ئوبرازىنى تىكلەشتىن ئىبارەت.

(خەمىت نېغمەت، ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى)

ETHNIC UNITY

# بىلىم ئىگىلىكى ۋە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر

جېڭ چيەن

## A ئىنسانلار مىلادى 2000- يىلى يېتىپ كېلىشى بىلەن يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويىدى

بىزدە ئارىلىقنىڭ يىقىنلىقى تۆپەيلىدىن تارىخنى تولۇق بىلمەيدىغان تەجرىبە- ساۋاقلار بولۇپ ئۆتكەن. هازىرمۇ مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن: ئارىلىق بەك يېقىن بولغانلىقتىن، تارىخ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا پەيدا قىلغان ھەممىنى دەماللىققا سېزەلىشىمىز تەسكە توختايدۇ. ئۇ، جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان چوڭ بۇرۇلۇش ئارقىلىق يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلىنىشىغا يىقىنلىشىدۇ.

تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، تالاي - تالاي يىللاردىن كېيىن ياكى نۇرغۇن ئەۋلاد كىشىلەردىن كېيىن، شۇ چاغدىكى كۇتۇپخانا ياكى تارىخي كىتابلار بىز ياشىغان مۇشۇ دەۋردىكى ئەھۋاللار ھەققىدىكى مەزمۇنلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كېيىنكى كىشىلەر ئىنسانىيەت مىلادى 2000- يىلى يېتىپ كەلگەن چاغدا يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويىدى، دەپ چەكسىز زوق بىلەن ئەسلەيدۇ ۋە سېغىنىدۇ. ئۇنىڭغا «بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى» دەپ نام بېرىلىدۇ.

بىلىم ئىگىلىكى ئەنە شۇنداق قىلىپ نەزەر دائىرىمىزگە تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلدى. چۈنكى هازىر يۈز بېرىۋاتقان بارلىق ئىشلار بىلەن بولغان ئارىلىق بەك يېقىن بولغاچقا، بىز ھەر كۈنى كىيىم- كېچەك ، يېمەك- ئىچمەك، تۇرارجاي، قاتناش ۋە كۈن چىقىش، كۈن پېتىش سېزىملىرىغىلا پېتىپ قېلىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىمىزغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئاسانلىقچە بىلەلمەي قالىمىز.

— ئۇ ئىنسانىيەت تارىخنى قاتتىق بىر سىلكىنتىۋاتىدۇ. شەكىلسىز هالدىكى غايەت يوغان بىر قول ھەر بىرىمىزنىڭ سائەت ئىستىرېلكىسىنى ئاستىغىنە ماڭغۇزۇۋاتىدۇ؛ ئۇ كۆپلىگەن ئىشلارنى ئۆزگەرتىدۇ، جۈملىدىن ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان، ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزگەرمەي تۇرۇۋاتقان سېزىمىمىزنىمۇ، يەنى يىراق ياكى يېقىن تونۇغىسىدىكى، كۆپ ياكى ئاز تونۇغىسىدىكى، ئۇزۇن ياكى قىسقا تونۇغىسىدىكى، بار ياكى يوق تونۇغىسىدىكى قاراشلارنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ ... بىز 2000- يىلى بىلەن تونۇشىدىغان ئەڭ ئاخىرقى كىرتىك نۇقتىدىلا ئۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىلەن قىياپىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا بىلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىمىز — ئۇ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ بىز ئاڭلاپمۇ باقمىغان يېڭى ئاتالغۇ بولۇپ، 1998- يىلى ئەتىيازدىن كېيىن جۇڭگونىڭ چوڭ - چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىدا كەڭ كۆلەمدە تىلغا ئېلىنىپ، جەمئىيەتتىكى «ئاساسلىق ئىبارە» بولۇپ قالدى. بىلىم ئىگىلىكىگە دائىر بارلىق ماتېرىياللار ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرسەك، مەيلى قانچىلىك قويۇق تەسۋىرىي تۈس ئالغان سۆز- ئىبارىلەر بىلەن ئۇنىڭغا باھا بەرگەندىمۇ مۇبالىغە بولۇپ كەتمەيدۇ، دەيدىغان بىرلا تەسىراتقا كېلىمىز.





ئەلىپ چىرىغى؛ تۇرمۇش چاقچاق ئەمەس، ئەمما سىز چاقچاقسىز ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس.

## B يەر بىلەن سانائەت كاپىتالى شەكىللىك بولىدۇكى، بىلىم شەكىلسىز بولىدۇ

بىلىم ئىگىلىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە سانائەت ئىگىلىكىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان. يېزا ئىگىلىكى دەۋرىدە، ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا، يەرگە بىۋاستە بېقىنغانلىقتىن، يەر ـــ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى تۈرتكىلىك كۈچى بولۇپ قالغانىدى. سانائەت ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق نەزەر دائىرىسى يەر بىلەن تولغان دەۋر ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ماشىنا، پۇل كاپىتالى ۋە تەبىئىي بايلىقلار ئالدى، ئۇلار 18 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېپيېڭى مەنتىقىسىنى ھاسىل قىلىپ، تۇنجى پار ماشىنىسى كەشپ قىلىنغاندىن بۇيانقى ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە يۈز يىل ئىچىدە خۇددى يانار تاغ پارتلىغاندەك ئۇرغۇپ چىققان ئىجادىي كۈچىنى قوزغىدى. لېكىن سانائەت دەۋرى يېزا ئىگىلىك دەۋرىدەك ئۇنداق ئۇزاق بولمىغاچقا، بىر قانچە 100 يىللىق مۇساپە جەريانىدا ئۇنى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىدى، دېيىشكە بولىدۇ. سانائەت مەدەنىيلىكىنىڭ تولۇلىنىشى بىلەن، ئاخىر ئىنسانىيەت 2000 ـ يىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىغا ئۆتۈپ، ئىنتايىن قويۇق بولغان پارتلىتىش نۇقتىسى تەييارلىنىۋاتىدۇ؛ ئۇ ئىنسانىيەتنى تۇيۇقسىزلا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەيدىغان ئاخىرقى بىر سەكرەشكە ئېرىشتۈرىدۇ.

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي فورماتسىيىلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. يەر بىلەن سانائەت كاپىتالى شەكىللىك بولىدۇ، ئەمما بىلىم شەكىلسىز بولىدۇ. بىز بۈگۈنكى ئىچىدە پەقەت كومپيۇتېر ـــ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ۋەكىلى بولغان، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ پەردىسىنى بىر قوللۇقلا ئاچىدىغان بۇ ئاۋازسىز جارچىنىلا كۆرەلەيمىز. ئەمەلىيەتتە ئىنتېرنېت بىلەن ئۇچۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى تېنىمىزگە تېگىپ تۇرمايدىغان نەرسە بولسىمۇ، ئۇلار بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىپ، «بىلىم» نىڭ ئاساسلىق ۋاستىچىسى ۋە ئۆتۈشمە يولى بولۇپ قالىدۇ. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى دەل ئەنە شۇ.

بىز ئىگىلىمەسەك بولمايدىغان بىلىم ئىگىلىكى دېگەن نېمە؟

«ئەقىل بايلىقىنى ئىگىلەش ۋە تەقسىملەش، پەن ـ تېخنىكىنى ئاساس قىلغان بىلىم ھاسىل قىلىش ۋە ئىشلىتىش (ئىستېمال قىلىش) نى ئەڭ مۇھىم ئامىل قىلغان ئىگىلىك» دېگىنىمىز ئەنە شۇ. ئېلىمىزنىڭ تېخنىكا ئىگىلىكى ئىلمى دوكتورى، پروفېسسور ۋۇجىسۇڭ ئەنە شۇنداق تەبىر بەردى.

بىلىم ئىگىلىكى ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتىدىن پەيدا بولغان. ئەنە شۇ «ئۇچۇر» سۆزىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىنى دادىللىق بىلەن ئۆزگەرتىشى تۈپەيلىدىنلا، بىز ئادەتلىنىپ قالغان سانائەت ئىگىلىكى ئەندىزىسىدە تەۋرىنىش پەيدا بولدى. ئۇچۇر بۈگۈنكى كۈندە مۇھىم بىر خىل بىلىم بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇچۇر بىر خىل بىلىمدىنلا ئىبارەت، خالاس. كەلگۈسىدىكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە «بىلىم» ئۇقۇمى دائىرىسى ئۇچۇردىن كۆپ كەڭ بولىدۇ. باش شتابى پارىژدا بولغان خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ـــ بۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان بىلىم ئىگىلىكىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە بۈگۈنكى دۇنيادا بىلىم ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىدىغان تەشكىلات مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: بىلىمنى «نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش»، «نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىش»، «قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىش»، «كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش» دەپ 4 تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ 4 تۈرلۈك بىلىم ئىچىدە ئۇچۇر ئالدىنقى 2 تۈرنىلا كۆرسىتىدۇ. «نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش» پاكىت بايان قىلىنىدىغانلا بىلىمدۇر؛ «نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىش» تەبىئىي قانۇنىيەت ۋە قائىدىلەر توغرىسىدىكى بىلىمدۇر. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بولسا، ئەڭ ئاساسلىق رول ئوينايدىغان بىلىم كېيىنكى 2 تۈرى ـ «قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىش» مەلۇم بىر ئىشنى قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ؛ «كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش» كىم نېمىنى بىلىدىغانلىقى، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭغا قانداق يولۇقۇش ۋە ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش توغرىسىدىكى بىلىملەردۇر. كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە كەسپىي ئىش تەقسىماتى بارغانسېرى ئىنچىكىلىشىپ، تەتقىقات ئىقتىدارى يۈكسەك دەرىجىدە تارقاقلىشىپ بېرىۋاتقانلىقتىن، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى تەشكىللىگۈچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىمى شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىلىمنىڭ ئۆزىنى بىۋاستە بىلىش بولماستىن، بەلكى شۇ تۈردىكى بىلىملەرنى كىم



ETHNIC UNITY

ئىگىلىگەنلىكى ۋە تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشتىن ئىبارەت.

بىلىمنىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى ئىلگىرى بىزنىڭ بىلگەنلىرىمىزگە قارىغاندا سەل مولراق. ئەمما گۇمانلانغىلى بولمايدىغان پاكىت شۇكى، بىلىم كەلگۈسى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق تۈرتكىلىك كۈچى بولۇپ قالىدۇ؛ ئىلگىرى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە كۆرگىلى بولىدىغان ماددىي قاتتىق ماتېرىياللارنى ئىجتىمائىي تارتىش كۈچى قىلىدىغان دەۋر شەكىلسىز يۇمشاق ماتېرىيال فورماتسىيىسىنى تارتىش كۈچى قىلىشقا قاراپ تەدرىجىي ئۆزگىرىدۇ؛ بىلىم ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە تۆھپە قوشىدۇ ھەمدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەندىزىسىنى ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىدۇ.

## C لېكىن يېڭى بىر دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ھەتتا بىر قەدىمىي كونا كەنتنىڭ مېھمان كۈتۈش مۇراسىمچىلىكمۇ تەنتەنىلىك ۋە چۇۋالچاق ئەمەس

لېكىن يېڭى بىر دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ھەتتا بىر قەدىمكى كونا كەنتنىڭ مېھمان كۈتۈش مۇراسىمچىلىكمۇ تەنتەنىلىك ۋە چۇۋالچاق ئەمەس. ئۇ ئىشىك دەۋرۋازىنى چەكمەيلا جىمجىت كېلىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىشنى خالىمايدىغان كىشىلەرنىلا چۆچۈتۈۋېتىدۇ.

بۇ دەل بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى بىر يوشۇرۇن كرىزىس — بىلىم ئىگىلىكىگە بولغان سەزگۈرلۈك ۋە ۋاقتىدا چۈشىنىش كەمچىل بولسا، بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك پۇشايمان بولىدۇ، بىر مىللەت ئۈچۈن 1000 يىللىق پۇشايمان بولىدۇ.

بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشاۋاتقان جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قولىدا شۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىر تىلتۇمارى تۇرىدۇ.

جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلىم ئىگىلىكىدىن ئالغان ئىلھامنى قانداق چۈشىنىشى لازىم؟ — ئۇنى بىر قىممەتلىك ئىلھام دېگەندىن كۆرە، بىر قىممەتلىك ئاگاھلاندۇرۇش ئاگلاش دېگەن تۈزۈك: كەلگۈسى دەۋردە بىلىم ھاياتلىق ھوقۇقىغا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم كاپىتالى بولۇپ قالىدۇ؛ بىلىم تەرەققىيات ھوقۇقى، ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشىش ھوقۇقىدۇر؛ ئىلگىرىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە سانائەت دەۋرىدە دۇنيادا مەدەنىيەت - مائارىپ ئارقىدا قالغانلىقتىن ئىقتىساد زاۋالغا يۈز تۇتۇپ، قول بولىدىغان دۆلەت پاجىئەسى، مىللەت پاجىئەسىگە ئۇچرايدۇ، كەلگۈسىدىكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئوخشاشلا سەۋەبتىن پەيدا بولىدىغان پاجىئە تېخىمۇ ھەسرەتلىك ئۇسۇل بىلەن يېڭىۋاشتىن يۈز بېرىدۇ.

شۇڭا، بىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش بىردىنبىر تاللاش بولۇپلا قالىدۇ. ئەگەر ئىلگىرىكى دەۋر بىزگە يېتەرلىك ساۋاق بەردى دېيىلىدىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىكى بۇنداق ئىلھامنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىقى دەپلا چۈشىنەلەيمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىلىم ئىلگىرىكى دەۋردە بىزدىن تەلەپ قىلغان بارلىق ساپا — بىلىم تەشنالىقى، ئىزدىنىش روھى، كەلگۈسىدىكى دەۋردە يەنىلا بىزدىن ئۇلارنى ھازىرلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئۇ يەنە يېڭى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مۇتەخەسسىسلەر: بىلىم ئىگىلىكى كىشىلەردىن «يېڭىلىق يارىتىش» ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ھازىرلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. يېڭىلىق يارىتىش — بىلىم ئىگىلىكىنىڭ تۈگىمەس بايلىقى ۋە ماھىيىتى، مەڭگۈ قىزىقىپ، مەڭگۈ يېڭىلىققا ئىنتىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمەلىيىتى ئارقىلىق مىزانىمۇ، تەرتىپىمۇ بولغان رىقابەتكە مەڭگۈلۈك جەڭ ئېلان قىلغاندىلا، ئاندىن يېڭى بىلىمنى ئۈزلۈكسىز بايقىغىلى ھەم ئۇنىڭغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

يېڭىلىق يارىتىش ساپاسى جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە قارىتا يەنە بىر خىل خىرىسنى شەكىللەندۈردى. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىلىم ئىگىلىكىنىڭ خىرىسى ئاخىر كېلىپ مىللىي پسىخىكا ۋە قەدىمكى ئەنئەنىگە بولغان خىرىستۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىلىم ئىگىلىكىنىڭ تەركىبىدىكى يەنە تېخىمۇ رېئال بولغان بىر خىل خىرىس ئۇنىڭدىن كەلگەن ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئەندىزىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، پۈتكۈل يەرشارى مىقياسىدا قارشى تۇرۇشقا بولمايدىغان چوڭ بىر يۈزلىنىش. يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى دەۋرىدە، ئۆز تۇپرىقىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىك ئېتىقادى بىر توپ كىشىلەر بىلەن يەنە بىر توپ كىشىلەر ئوتتۇرىسىغا قېلىن توساق سېلىپ قويىدى؛ سانائەت ئىگىلىكى دەۋرىدە، ماشىنا بىلەن تەبىئىي بايلىقنىڭ بېقىندىلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوخشاشلا كىشىلەرنى سىزىقتىن چىقماسلىق ئەندىزىسىگە بەنت قىلىپ قويىدى - بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە، شەكىلسىز بىلىم ئۆزىگە تارتىش ياكى پارچىلاش كۈچىگە ئىگە بولغان

ETHNIC UNITY

ھامانلا، بارلىق شەكىلسىز چەك ـ چېگرا ۋە پەردىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ئەگەر بازار ئىگىلىكى مىللەت ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي توساقنى ھەل قىلغۇچ كۈچ ئارقىلىق تۈگەتتى دېيىلىدىغان بولسا، بۈگۈنكى بىلىم ئىگىلىكى تېخىمۇ پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان كۈچ ئارقىلىق بۇ دۇنيادا ئاندا ـ ساندا ساقلىنىپ قالغان كىشىلەر توپى بىلەن كىشىلەر توپى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېلىن مۇزنىمۇ ئېرىتىۋېتەلەيدۇ. بۇ ئەمدى پاسىل ـ توسىقى بولمىغان بىر دەۋر. ھەرقانداق بىر رايون ۋە ھەرقانداق بىر مىللەت بىلىمنىڭ قۇياش نۇرىدا ئاشكارا تۇرماي قالمايدۇ. ئۇچۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى پۈتكۈل يەر شارىنى بىر قويۇق چوڭ تور قىلىپ توقۇپ چىقىدۇ، ھەرقانداق بىر خىل بىلىم، ھەرقانداق بىر پۇرسەت بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردىكى خىلمۇخىل مىللەتلەرگە يېتىپ بارىدۇ؛ بۇ ئاجايىپ دەۋرنى بارلىق دۆلەتلەردىكى بارلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئوخشاش بىر خىل يۈگۈرۈش سىزىقى ھازىرلاپ بەردى دېگەن تەقدىردىمۇ، ھەتتا بۇ دۇنيادىن سىرت بىرەر بۇلۇڭ ـ پۇشقاق بولمىغان تەقدىردىمۇ، دۇنيا ئەمدى قالاقلىقنى قوغدىمايدۇ!

ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەر ئەڭ ئاخىرقى ئۈستۈنلۈكىدىنمۇ ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مەھرۇم قىلىدۇ؛ بىلىمنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەر بولسا پايدىلىق ئېگىزلىكنى ئىگىلەيدۇ.

دەرۋەقە، خىرىسنىڭ يەنە بىر تەرىپى تەلەيدە بولۇڭ ـ بولۇڭ بولغان پۇرسەتتىن ئىبارەت.بەزى مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق كۆرسەتتى: ئالدىمىزغا كېلىۋاتقان بىلىم ئىگىلىكى ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىنى ئېچىشقا كەلتۈرۈلىدىغان بولسا، ھازىر سانائەتنى كېڭەيتىش جەھەتتىكى تەشنالىقى كۈچلۈك بولغان ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلاردا يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ئاملى ۋاقىتدا يېتىشتۈرۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ بىلىم تىپلىق ئورگاننىڭ ھالدا يۆتكىلىشكە تۈرتكە بولىدۇ، بۇ بىر مەيدان ئىستراتېگىيىلىك غەلىبىگە يېتەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى بايلىق ئىزدەش ۋە ئېچىش پەيتىدە تۇرىۋاتقاندا، بىلىم ئىگىلىكى نۇقتىسىدىن ئىرادە تىكلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ بايلىقنى ئېچىش داۋامىدا زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ئامىللىرىنى قوشۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك بايلىق مەھسۇلاتىنى ھاسىل قىلىپ، ئەنئەنىۋى بايلىق قارىشى ۋە بايلىق ئىشلەپچىقىرىش قارىشىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزىمۇ ئۈمىدنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

بىزنىڭ مىللەتلىرىمىز تارىخىي ئىككى چوڭ تاختىنىڭ ئۇتاشقان يېرىدە تۇرماقتا. كىمكى ئۇنى بىلىۋالسا، بىزنىڭ مىللىتىمىز ھەم خىرىسقا تاقابىل تۇرغۇچى، ھەم تولىمۇ تەلەيلىك بولغان بولىدۇ!

(جامال ئىمىن تەرجىمە قىلدى)

## ژۇرنىلىمىز ئېلان قوبۇل قىلىدۇ

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ـــ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىدىغان دۆلەت دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇل، قازاق، چاۋشيەن تىللىرىدا چىقىدۇ، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ئۇيغۇرچە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998 ـ يىللىق تىراژى 88 مىڭ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ كەڭ تارقىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە ژۇرناللارنىڭ بىرى. ژۇرنىلىمىز دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى، بولۇپمۇ مىللىي كارخانىچىلارنى پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتىكى ياخشى كۆۋرۈك. ژۇرنىلىمىزغا سۈرەتلىك ۋە يازما ئېلانلارنى بېرىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا بېرىلگەن ئېلانلارنى يالغۇز ئۇيغۇرچە، قازاقچە ژۇرنالدىلا ئىشلىتىشكىمۇ، ياكى خەنزۇچە، موڭغۇلچە، چاۋشيەنچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللىرىدا تەڭ ئېلان قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ژۇرنىلىمىز مۇقاۋىسىنىڭ تېشى ھەم ئىچى پۈتۈنلەي رەڭلىك بېسىلىدۇ. يېڭىدىن راۋاجلىنىۋاتقان مىللىي كارخانىلارغا باھادا ئېتىبار بېرىلىدۇ.

ئېلان بېرىشنى، كارخانىسنى ۋە ئۆزىنى دۇنياغا كەڭ تونۇتۇشنى خالىغۇچىلار نەشرىياتىمىزنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن ئالاقىلەشسە بولىدۇ. تېلېفون نومۇرى: 2837021، (ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلان ئىجازەتنامىسى: بېيجىڭ غەربىي شەھەر سودا ـ سانائەت ئېلان كەسپى بويىچە 232 ـ نومۇر) ئالاقىلەشكۈچى: ئەركىنجان سەمەت، يان تېلېفون: 1389959775 چاقىرغۇ: 8001607 ـــ 126 (تورلاشقان)

# ياخۇ (yahoo) ھەققىدە ھېكايە ۋە باشقىلار

## yahoo : بىلىم ئىگىلىكىنىڭ جانلىق دەلىلى

تۆۋەندىكى ئۇي ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەر بىلەن بىرلىكتە ياخۇ (yahoo) ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

(1) «بىلىم ئىگىلىكى» يېقىندا ئاخبارات ۋاستىسىدا قوللىنىلىۋاتقان، ھەم بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان بىر ئاتالغۇ بولۇپ قالدى. بۇ جەھەتتە ياخۇ ئىنتايىن ياخشى تىپىك مىسال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىجادچىسى ئەمدىلا 30 ياشلارغا كىرگەن بىر يىگىت. ئۇلار 3-2 يىل ۋاقىت ئىچىدىلا قۇرۇق قول نامرات دوكتولۇقتىن مىليونېرغا ئايلانغان، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش كەچۈرمىشلىرىدە بىلىم ئىگىلىكىنىڭ جانلىق ئوبرازى سۈرەتلەنگەن.

(2) ياخۇ «تور ئۈستىدە ئالتۇن تاسقاش»قا تايىنىپ بېيىغان. ياخۇ «ئۇچۇر مەھسۇلاتى» (بەزىلەر ئۇنى «يىتتېر مەھسۇلاتى» دەپ ئاتايدۇ)غا تايانغان. بۇ شەكىلسىز ۋە ئېغىرلىقى يوق شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مەھسۇلات. ياخۇ بېيىشتا ۋە ئىش باشلاشتا باشقىلارنىڭ ئۇچۇرنى رەتلەش ۋە پىششىقلاشقىلا تايىنىدۇ! ئۇلارنىڭ بېيىشتىكى قىممەتلىك ئۇچۇرنىڭ ھەممىسى «باشقىلارنىڭ ئىنتېرنېتتا ساقلىغان» نەرسىسىدۇر. ياخۇ قانداق قىلىپ ئىلگىرى بار بولغان بۇ «شەكىلسىز» ئۇچۇرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇغان؟

(3) ياخۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۇلارنىڭ ئىنتېرنېت تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىغا ئۇيغۇنلاشقانلىقىدىن باشلانغان. ياخۇ ئابونتلارنىڭ بىپايان ئۇچۇر دېڭىزىدا ئۇچۇر ئىزدەش ئېھتىياجىغا دەل ۋاقتىدا ئۇيغۇنلاشقان، ئۇلارنىڭ بېيىش ئاساسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇستۇنلۇكى — سانى ئىنتايىن كۆپ بولغان «زىيارەتچىلەر»دىن ئىبارەت. ئۇلار ھەر خىل تىل قوللىنىدىغان ئابونتلارغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ تىل ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان «يەرلىكلەشتۈرۈش» مۇلازىمىتى ئارقىلىق ئابونتلارنى جەلپ قىلىشنى تەكىتلىگەن. بۈنىڭدىن بىز تور دەۋرىدىكى بىر خىل تىل - يېزىقنىڭ قىممىتى ۋە ھاياتىي كۈچىنى مەلۇم بىر تەرەپتىن كۆرەلەيمىز. بىزنىڭ بۇ سېستېملاشقان ماقالىمىز ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسە ئەنە شۇ.

(4) بىلىم ئىگىلىكى توغرىسىدا كىشىلەردە يەنە خىلمۇ خىل خاتا چۈشەنچە ياكى گۇمانلار بار. مەسىلەن: بىلىم ئىگىلىكى ئەقىللىق كاللىغىلا تايىنامدۇ؟ بىرەر ياخشى چارە تېپىلىش بىلەنلا مىليونېر بولۇپ كەتكىلى بولامدۇ؟ بىلىم ئىگىلىكى بىلەن بېيىغان كىشىلەر پۇل تاپقان ھامانلا ئويۇنغاندەك ئازادە ھەم ئەركىن يۈرەلەمدۇ؟ ياخۇنىڭ جانلىق مىساللىرى بۇ ھەقتە بىزگە ئاز- تولا جاۋاب بېرەلەيدۇ.

### «ئېلېكترونلۇق ئالقىش» ياڭرىدى

ياخۇنىڭ ئىجادچىلىرىنىڭ بىرى 1967- يىلىنىڭ باشلىرىدا تەيۋەندە تۇغۇلغان يالڭ جېيۇەن، يەنە بىرى ئامېرىكىلىق دەۋىد فىلو. ئىجادىيەتنىڭ دەسلىپىدە ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئۇلار ياخۇنى بەرپا قىلىشتا ئۇنىڭ نامىنى ئېنىق قويمىغان، ھەم پۇل تېپىش - بېيىش ئويىدىمۇ بولمىغان، ئىنتېرنېتقا قىزىقىپلا قالغان، خالاس. ئەسلىدە كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ گېزىت- ژۇرنال كۆرۈش ئارقىلىق ياكى تېلېفون، تېلېكس ئارقىلىق ھەتتا زىيارەت قىلىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدىغان ماتېرىياللارغا، ئۈستىلىدە تۇرغان كومپيۇتېرنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ قويۇش ۋە مائۇسنى سۈركەش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدىغان بولدى! بۇ نېمىدېگەن قالتىس ئىش -ھە! يالڭ جېيۇەن بىلەن فىلونىڭ قىزىقىشى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان پونكىتلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ۋە رەتلەپ ئەڭ يېڭى ئۇچۇرغا ۋاقتىدا ھەم ئاسانلا ئېرىشەلەيدىغان بولدى. بۇ چاغدا ئىنتېرنېت مىليونلىغان كومپيۇتېرغا ئۇلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئۇچۇرنىڭ سانى چەكسىز ئىدى. قانداق قىلغاندا ئۆزى كۆڭۈل بۆلگەن ئۇچۇرنى تېز ھەم ئاسان تېپىش، ئۆزى



ئەيتان لۇغەت: تاماق ـــ كۆرمىسىڭىز چىدىيالمايدىغان، لۇچراشقاندا چاپىناپ يۇتۇۋېتىدىغان بۇرادەر. -(ئەركىن ئەبەيدۇللا)

كېرەك قىلمايدىغان ئۇچۇرنى چىقىرىۋېتىش — ئىنتېرنېتتىكى ئابونتلار ئومۇميۈزلۈك دۇچ كېلىدىغان مەسىلە ئىدى. ياڭ جىيۈەن بىلەن فىلو تور مەشغۇلاتى ئىشلەۋاتقان چاغدا، ئابونتلارنىڭ ھەممىسىگە ئېسقاتىدىغان قورالنى ئىختىيارسىز ھالدىلا پەيدا قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان پونكىتلارنى تۈرگە ئايرىش كاتولوگى قىلىپ تۈرغۈزدى،چوڭ تورنىڭ ئىچىگە يەنە تارماق تور تۈرغۈزۈپ، قاتلاملىق كاتولوگ ھاسىل قىلدى. دەسلەپتە بۇ كاتولوگدىن ئۇلار ئىككىسىلا پايدىلاندى، كېيىنرەك ئۇلارنىڭ دوستلىرىمۇ پايدىلاندى. ئۇلارنىڭ ئىنتېرنېتى مىسلىسىز دەرىجىدە ئۇچۇق بولغاچقا، بۇ كاتولوگنى تېزدىنلا كۆپلىگەن ئابونتلار ئىشلىتىدىغان بولدى. ناھايىتى تېزلا ھەر كۈنى نەچچە يۈزلىگەن كىشى ئۇلارنىڭ پونكىتىنى زىيارەت قىلىدىغان بولدى، ئۇنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى يەنە ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كاتولوگى ھەققىدە خىلمۇ خىل تەكلىپلەرنى بەردى، ئۇنى ئالقىشلىغان ۋە تەبرىكلىگەنلەرمۇ خېلى كۆپ چىقتى. بۇنداق ئىلھامنى ئۇلار «ئېلېكترونلۇق ئالقىش» ، «سېفىرلاشقان ئالقىش»دەپ ئاتاشتى.

1994- يىلى كۈزدە ئۇلار تۇنجى بولۇپ مىليون كىشىلىك زىيارەت كۈننى كۈتۈۋالدى. مۇشۇ چاغقىچە ياخۇ يەنىلا سودا خاراكتېرىنى ئالماستىن، ھەقسىز ئىشلىتىلەتتى. ئۇنى ماگىستىرلىققا تېرىشىۋاتقانلار ئەنە شۇ ئىككى دوكتور بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت ئۆيىدىكى ئاددىيغىنە تەجرىبىخانىسىدا كۈن بويى جاپالىق ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئۇيقۇسى 4 سائەتكىمۇ يەتمەيتتى. لېكىن ئەنە شۇنداق مىليون كىشىنىڭ زىيارىتى ياخۇنىڭ ئىنتايىن زور يوشۇرۇن قىممىتىنى نامايان قىلدى.

## نامرات دوكتورلۇقتىن مىليونېرلىققىچە

2 ياش چېغىدىلا ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياڭ جىيۈەن 10 يېشىدا ئانىسى بىلەن بىللە ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىپ، ھاماچىسىنىڭ پاناھلىقىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن. 1990- يىلى ئۇ ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، ئېلېكترون قۇرۇلۇشى كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ 4 يىل ئىچىدىلا تولۇق كۇرسنى ئوقۇپ بولۇپ، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، دوكتورلۇقتا ئوقۇشقا باشلىغان. فىلونىڭ ئوقۇغان ۋاقتى ياڭ جىيۈەننىڭكىدىن ئۇزۇنراق بولۇپ، 1988- يىلى تۇلانى ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. بۇ ئىككىيلەن تونۇشقاندىن كېيىنلا ياخۇنى ئىجاد قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغان.

ياخۇنى زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى مىليونغا يېتىپ، تەۋەككۈل قىلىپ مەبلەغ سالغۇچى سودىگەرلەر ئۆزلىرى كېلىپ نەق مەيداننى كۆزدىن كۆچۈرگەندە، ئۇلارنىڭ كۆرگىنى كىچىككىنە ئۆي، پولدا دۆۋىلەپ قويۇلغان پىسا قاتلىمىسىنىڭ قۇتىلىرى، قالايمىقان تاشلانغان مەينەت كىيىملەر ۋە توختىماي جىرىڭلاۋاتقان تېلېفون ئاۋازىلا ئىدى...

«قىزىل شەمشاد» شىركىتى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن تەۋەككۈل قىلىپ مەبلەغ سالغۇچى بولۇشقا مۇناسىپ بولۇپ، بۇ شىركەت ياخۇغا 4 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ، ياخۇدا سودىلاشقان ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرغان. ياخۇنى زىيارەت قىلىۋاتقان ئىنتايىن كۆپلىگەن كىشىلەر نۇرغۇنلىغان ئېلان خېرىدارلىرىنى جەلپ قىلغان، ئېلان خىراجىتى شۇ ھامان ياخۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئاساسلىق كىرىمى بولۇپ قالغان. 1997- يىلى ياخۇنىڭ ساپ ئېلان كىرىمى 67 مىليون 410 مىڭ دوللارغا يەتكەن. 1996- يىلى ياخۇنىڭ پېيى بازارغا سېلىنغان، ھەر بىر پاينىڭ دەسلەپكى باھاسى 13 دوللار بولغان بولسا، شۇ كۈنىلا 43 دوللارغا ئۆرلىگەن. ئاخىرقى باھاسى 33 دوللار بولغان، شۇ كۈنىلا ياخۇنىڭ بازاردىكى قىممىتى 86 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتكەن. يېقىنقى مەزگىللىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1998- يىل 9- ئاپرېل كۈنى ياخۇ پېيىنىڭ ئاخىرقى باھاسى 114.50 دوللار بولغان. ياخۇنىڭ بازاردىكى قىممىتى 6 مىليارد 90 مىليون دوللارغا يەتكەن. ياڭ جىيۈەن بىلەن فىلو شۇنىڭ بىلەن «مىلياردېر»لار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

## باشقىلارنىڭ ئۇچۇرى بىلەن پۇل تېپىش

پونكىت كاتولوگى مۇلازىمىتى ياخۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئاساسلىق خىزمىتى ئىدى. پونكىت ئىنتېرنېتقا ئۇلىنىدىغان ھەممە مەلۇم ئۇچۇر مەنبەسى بولغان كومپيۇتېر ئابونتلىرى ئىدى. پونكىتنى



شەيتان لۇغەت: لورۇنلۇق — ئولتۇرغىلىمۇ، دەسسىگىلىمۇ، ئۇرغىلىمۇ بولىدىغان چاكار. (ئەركىن ئەبەيدۇللا)

ئىنتېرنېتنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ئەڭ ئاساسىي ئۇچۇر مەنبەسى دېيىشكە بولىدۇ. بىپايان دېڭىزغا ئوخشاش ئۇچۇر ئىچىدىن ئۆزىگە ئېھتىياجلىق ئۇچۇرنى قانداق قىلىپ ئەڭ تېز ۋە توغرا تاپقىلى بولىدۇ؟ بۇ ــ ھەر قېتىملىق تورلاشتۇرۇشتا ئۇچرايدىغان مەسىلە ئىدى. پونكىت كاتولوگى ئەنە شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە تۈرگۈزۈلگەن. ياخۇدا پونكىت كاتالوگى تۈرگۈزۈشتا ئادەم ئارىلاشماي قالمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا كۆپلىگەن ئورۇنلار بولىدۇ. ياخۇ ياڭ جىيۇەن بىلەن فىلونىڭ مۇۋاپىق لايىھىسى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەن، باشقا كاتولوگلار ئاساسلىقى مۇھىم سۆز ئاچقۇچى چارىسى ئارقىلىق تۈرگۈزۈلگەن. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئابونت «ۋارىسلىق قانۇنى» دېگەن ماتېرىيالنى ئىزدىمەكچى بولسا، بۇنىڭدىكى «ۋارىسلىق قانۇنى» ئاچقۇچلۇق سۆز ھېسابلىنىدۇ. كومپيۇتېر ئەنە شۇ سۆز ئارقىلىق بارلىق پونكىت ماتېرىياللىرىنى ئىزدەپ، ئاشۇ مەن «ۋارىسلىق قانۇنى» دېگەن سۆز بار پونكىتلارنىڭ ھەممىسىنى سىزگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداق ئىزدەش ئۇسۇلىدا ئۇچۇرنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ، لېكىن ئۇ يەنە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز بولغان، بۇ ئاچقۇچلۇق سۆزگە بەزىدە ھەم قوشۇمچە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنىمۇ كۆپلەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ياڭ جىيۇەن بىلەن فىلو قولدا تۈرگە ئايرىش چارىسى ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، پونكىتلارنى كونكرېت ۋە بىر ـ بىرلەپ تۈرگە ئايرىغان. بۇ ئۇلارنىڭ تالڭ ئاتقىچە ئىشلىگەن تۆپ ۋەزىپىسى بولغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇنداق كاتولوگ مۇلازىمىتىدە مەيلى ياخۇ بولسۇن ياكى باشقىلار بولسۇن، باشقىلارنىڭ ئۇچۇرىدىن پايدىلىنىپ پۇل تاپىدۇ. ئۇلار پىششىقلاپ ئىشلىگەن پونكىت ئۇچۇرىنى باشقىلار تاپقان ھەمدە ئىنتېرنېتقا كىرگۈزگەن. بىزا ئىگىلىكى ياكى سانائەت ئىگىلىكى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق پۇل تېپىش تېخنىكىسى ھەققەتەنمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش، ھەتتا بۇنى ئەخلاقتا چۈشىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇچۇر دەۋرىدە بۇ پاكىتقا ئايلىنىپ قالغان. ياخۇ ئۇچۇر قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان بۇ پۇرسەتنى ۋاقتىدا ئىگىلىگەن.

ئۇچۇرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئاشلىق، كۆمۈر ۋە پولات ـ تۆمۈرلەرگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. بىر جىڭ گۈرۈچنى بىر ئادەم يەۋالسا، بۇ گۈرۈچ تۈگەيدۇ، بىر توننا كۆمۈرنى بىر پار قازانغا كۆيدۈرۈۋەتكەندە، ئۇمۇ قالمايدۇ، ئەمما ئۇچۇر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر ھەپتىدە نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلەر نېفىتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى، باھاسى ۋە ئىسكىلاتتا ساقلىنىشى ھەققىدىكى ئۇچۇردىن A شىركەت پايدىلانسا بولىدۇ، B شىركەتمۇ ئوخشاشلا پايدىلانسا بولىدۇ. بۇنداق ئاشكارا، مەخپىيەتلىكى بولمىغان ئۇچۇردىن كېيىن پايدىلانغۇچىنىڭ ئالغان پايدىسىنىڭ ئاز بولۇشىمۇ، ئاۋۋال پايدىلانغۇچىلا ئالغان پايدىسىنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ ناتايىن. ياخۇنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن پونكىت ئۇچۇرى ئىنتېرنېتتا ئاشكارا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئايرىم ئابونتلار ئۈچۈن بۇنداق سان ـ ساناقسىز پونكىت كىشىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان يۈك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ياخۇ مول پونكىتلار ۋە ئىلمىي تەشكىللىنىشلارنىڭ كاتولوگى ئۈچۈن ئىنتايىن زور بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

يېقىندا جۇڭگودا كومپيۇتېرغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن ماقالە ئەۋەتكۈچى بىر ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم، ئۇ تور مۇلازىمىتى خىزمىتىدىكى «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»نى يۈكۈنلىگەن. بۇنىڭدىكى بىر مەركەز ـ ئۇچۇر بايلىقىنى مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت؛ ئىككى ئاساسىي نۇقتا ئۇچۇر مىقدارىنى كۆپەيتىشكە ۋە ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. ياخۇنىڭ ئىگىلىك يارىتىشتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش سەۋىيىسى ئىنتايىن ئۆسكەن. ياخۇنىڭ بېيىشقا ئىشلەتكەن خام ئەشيا ماتېرىيالىدىن باشقا شىركەتلەرمۇ ئوخشاشلا پايدىلىنالايتتى. رىقابەت جىددىي بولۇۋاتقاندا، كىشىلەر ئۇنى سۈرەتلەپ «بۇگۇنكى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا جەڭ مەيدانىنى ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى. جاھان تالىشىش تازا قىزىماقتا» دېيىشتى. مىليونېر بولغان ياڭ جىيۇەن ھازىر يەنىلا ئەتىگەن سائەت 7 دىن كەچ سائەت 10 غىچە نورمىدىن ئارتۇق جاپالىق ئىشلىگۈچىدۇر. ئۇنى بۇنداق قىلىشقا رىقابەت مەجبۇر قىلغانمىكىنە؟



شەيتان لۇغەت: چىراغ ــ پەرۋانىلەرنىڭ سۆيۈشكە تەلپۈنىدىغان، سۆيۈپ قالسا ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان سۆيگۈلۈكى... (فەرگىن لەبەيدۇللا)

## ياخۇ جۇڭگوغىمۇ كىردى

بۇ يىل 3-ئايدا ياڭ جىيۇەن بېيجىڭغا كېلىپ، بۇ يىل 6- ئايدا «خەنزۇچە yahoo» نى بازارغا سالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ياڭ جىيۇەن كېتىپ 2 ئاي بولمايلا يەنى 5- ئاينىڭ 4- كۈنى «خەنزۇچە yahoo» راستىنلا دۇنياغا كەلدى. بۇ ياڭ جىيۇەننىڭ 13- خەلقئارا پونكىتى بولدى. ھازىر «خەنزۇچە yahoo» 10 مىڭدىن ئارتۇق «خەنزۇچە پونكىت»نى ئۆزىگە قوبۇل قىلدى.

«خەنزۇچە yahoo »دىن ئىلگىرى ياڭ جىيۇەن يەنە ياپونچە، فرانسۇزچە، نېمىسچە، ئىتالىيانچە، شۋېتچە، ۋە چاۋشيەنچە ... ياخۇلارنى بازارغا سالغان. ياڭ جىيۇەنگە شۇنىسى ئېنىقكى، بىر دۆلەتنىڭ ئابونتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شۇ دۆلەتنىڭ تىل- مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان شۇ جايىنىڭ يۇمشاق ماتېرىيالىنى ئىشلىتىش كېرەك ئىدى. ياڭ جىيۇەننىڭ قارىشىچە، yahoo يېڭى مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇ كىتاب، گېزىت- ژۇرنال، كىنو- تېلېۋىزىيەلەر بىلەن بازار تالىشىپ، ھاياتىي كۈچى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان يېڭى ۋاسىتىگە ئايلانغان. ياڭ جىيۇەننىڭ بۇنداق قارىشى ئۆزگىچە قاراش ئەمەس، «خەنزۇچە yahoo »دۇنياغا كېلىشنىڭ ئالدى - كەينىدە باشقا خەلقئارالىق داڭلىق ماركىلار، مەسىلەن: تور مەنزىرىسى AOL ، DEC قاتارلىقلاردا ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەت قوللىنىلغان.

ياخۇنىڭ خەلقئارا پونكىت تىل تۈرىنى تاللىشىدىن قارىغاندا، تىل ئىشلەتكۈچى كىشىلەر توپىنىڭ سانى بىلەن دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى مۇھىم شەرت ھېسابلىنىدۇ، يېتەرلىك ئابونتلار توپى ۋە دۆلەتنىڭ مەلۇم ئەمەلىي كۈچى بولمىسا، ئۇنداق پونكىتلارنىڭ سودا قىممىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا يوشۇرۇن سودا قىممىتى بولمايدۇ. 3- ئىيۇن خەۋىرىگە قارىغاندا، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئىنتېرنېت ئابونتلىرىنىڭ سانى 1 مىليون 60 مىڭغا يەتكەن. بۇنى ئىنتېرنېتتىكى ئىنگلىز تىلى ئابونتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ تەخمىنەن % 3 — 2نىلا ئىگىلەيدۇ. ياڭ جىيۇەننىڭ ئېيتىشىچە، جۇڭگودا ئىنتېرنېتتىن پايدىلىنىپ ئېلان چىقىرىپ پۇل تېپىش مۇھىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ھەمدە جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئۇچۇر مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ئابونتلار بەك ئاز، بۇ جەھەتتە جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى تەيۋەن ئۆلكىسىگە يېتەلمەيدىكەن. شۇڭا «خەنزۇچە yahoo» سىناش نۇسخىسىدىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ پونكىتلىرى ئالدى بىلەن ئامېرىكىدا قۇرۇلغان. ياڭ جىيۇەن جۇڭگونىڭ ئىنتېرنېت ئابونتلىرىنىڭ ھەر يىلى % 300 لىك سۈرئەت بىلەن كۆپىيىۋاتقانلىقى ۋە جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش ئىرادىسىگە تېخىمۇ قىزىقىپ قالغان. ئىنگلىزچە ۋە خەنزۇچە ئىشلىتىش ئەھۋالىنى سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىنى ئىشلەتكۈچىلەر ئىچىدىكى ئىنتېرنېتقا كىرىدىغان ئابونتلارنىڭ سانى قاچانمۇ مىليونغا يېتەر؟ قاچان سودا كىلىماتى پەيدا بولار؟ ھازىرقى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا تايىنىپلا مەلۇم بىر خىل تىلنىڭ ئىنتېرنېتقا كىرىشىگە مەدەت بېرىش مۇمكىنمۇ؟

كۆپ يىللاردىن بۇيان جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئالاقىدار كومپيۇتېر مەھسۇلاتلىرى، مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ماشىنىكا، سۈرەتكە ئېلىش ماشىنىسى، خەت چۈشۈرۈش ماشىنىسى قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلاتى بولسىمۇ، ئىزچىل تۈردە بازار شەكىللەنمەي، يەنىلا دۆلەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات يېڭىلاش ئىشى ئىنتايىن زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە. ئىنتېرنېتتا ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇچۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى ۋە مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان ھەمدە ئابونتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىلەردۇر، بۇنىڭ ئىچىدە تارىخىي كلاسسىكلارنىڭ نىسبىتى ئىنتايىن ئاز. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى قانداق قىلغاندا ئىنتېرنېتتا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان رېئاللىقنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلە تور دەۋرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي تېمىدۇر.

## بىلىم ئىگىلىكى نېمىگە تايىنىدۇ؟

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە كاللىسى ئىشلەيدىغان، بىرەر ياخشى چارە تاپىدىغانلا بولسا، پۇل دېگەن دومىلاپلا كېلىدۇ، دەيدىغان ئۇي ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل خاتا قاراشتىن ئىبارەت. ياخۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى بىزگە

ETHNIC UNITY

سوت شىركىتىنىڭ ئېلانى: سىز قۇرۇۋالدۇرمەي 1200 ئاي ھەر كۈنى بىر ئىستاكاندىن سوت ئىچىپ بەرسىڭىز 100 يىل ياشىيالايسىز.

كونكرېت دەلىل يەتكۈزۈپ بەردى.

ياڭ جىيۈەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن ئىلگىرىكى ئۇزۇن كۈنلەردە پەقەت 4 سائەتلا ئۇخلىغان. ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن باشقىلارغا «پىداكارلىق روھى بولمىغان بولسا ياخۇمۇ بولمىغان بولاتتى! مېنىڭ باشقىلارغا بېرەلەيدىغان تەكلىپىم: خام خىيال بىلەن خۇشلىنىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىشتىن ئىبارەت» دېگەن.

تېخنىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىشى بىلىم ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئاساسىي شەرتىدۇر. دەسلەپتە ياڭ جىيۈەن بىلەن فىلو تۈرغۈزغان قاتلاملىق كاتولوگ تور ئىزدىگۈچىنى جەلپ قىلدى، كېيىن ئۇلار يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ۋاقتىدا تور ئۇنىۋېرسال مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات، پاي بازىرى ئۇچۇرى، توردىكى ماگىزىن، ئاخبارات، تۈرگە ئايرىش ئېلانى قاتارلىقلارنى ئېچىپ، يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ئەنئەنىۋى ۋاستە بازىرىنى تالىشىپ، ئابونتلار تۈپىنى مۇقىم يۈكسەلدۈردى.

سودا دېڭىزىدا ئېلىشىشتا يەنە خېرىدارلار، رىقابەتچىلەر ۋە ئىستىپاقداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، يېڭى مەھسۇلاتنى پىلانلاش ۋە يارىتىش، ئېلان تەشۋىقاتى قاتارلىق ھالقىلارنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك. بۇ جەھەتتە ياڭ جىيۈەننى تولىمۇ تالانتلىق ئادەم دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ تۇنجى بولۇپ سېلىنغان 4 مىليون دوللار تەۋەككۈل مەبلىغىگە ۋاقتىدا ئېرىشىپ، ياپونچە ياخۇنى ۋاقتىدا ئىجاد قىلىپ، 70 مىليون دوللارلىق 2 ـ قېتىملىق مەبلەغنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ مەبلەغ چىقىرىپ «ئىنتېرنېت تۇرمۇشى»نى «ياخۇ ئىنتېرنېت تۇرمۇشى»غا ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ سېتىلىش مىقدارىنى بىراقلا بىر قاتلاپ 200 مىڭغا يەتكۈزگەن. ئۇ ياش قىز ئېدۋاردنى ئېلان باشقۇرۇپ بېرىشكە تاللىغان. ئېدۋارد«doyou yahoo» دېگەن ئېلان سۆزىنى ئاز دېگەندە ئامېرىكىلىقلارنىڭ يېرىمىغا بىلدۈرگەن. ئېدۋارد شۇنىڭ بىلەن بىراقلا 1996 ـ يىلى «سېتىشنى ئېزلەتكۈچى يۈز ئەڭ ياخشى كىشى»دىن بىرى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ياخۇنىڭ نامى پۈتۈن جاھانغا پۇركەتكەن. ياخۇدا كۆپلىگەن ئابونتلاردىن باشقىلارنىڭ ھېچنېمىسى بولمىغان چاغدا، خېلى كۈچلۈك بولغان AOL ئوتتۇرىغا چىقىپ ياخۇنى سېتىۋېلىپ، ياڭ جىيۈەن بىلەن فىلونى بىر كېچىدىلا مىليونېرغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ھەمدە ئادەم ياللاشنى رەت قىلىپ ئۇلارنى قوللىغۇچى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شىركەتلەرنى سېتىۋېلىپ، ياخۇنى غولتىتۋېتىمىز دەپ تەھدىت سالغان. ياڭ جىيۈەن تەكرار ئويلىنىش ئارقىلىق «ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغان»، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ يۈز مىليون دوللارلىق كەسپكە ئىگە بولغان. كىشىلەر ياڭ جىيۈەن ئەگەر ئىگىلىك تىكلەشكىلا ئېرىشلىۋالماي پۇل ـ مالغا بېرىلىپ كەتكەن بولسا، بۈگۈنكى ياخۇمۇ بولمىغان بولاتتى، دېيىشتى. بەزىلەر: «ياخۇ نىڭ كۆپ قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياڭ جىيۈەننىڭ سەزگۈر پۇراش ئىقتىدارى ۋە سېزىش كۈچى بەدىلىگە كەلگەن» دەپ باھا بېرىشكەن. yahoo نىڭ كۆپ قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى كۆپرەك ئۇنىڭ ئۆتكۈر كاللىسى ۋە ئاجايىپ كارامىتىدىن كەلگەن. يەنى ياڭ جىيۈەننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ھەرگىزمۇ ئۆتكۈر كاللىسى ۋە بىرەر ياخشى چارىسى بولغانلىقىنىڭلا نەتىجىسى ئەمەس، لېكىن ياڭ جىيۈەن جۇڭگو بازىرىغا تۇيۇقسىزدىنلا كىرگەندىن كېيىن، بەزى كىشىلەر بۇنىڭدىن چۆچۈپ كېتىپ «يولۋاس كەلدى» دەپ ۋارقىرىغان چاغدا، جۇڭگودا yahooغا ئوخشاش خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان sohoo (سوخۇ ) ناملىق بىر شىركەت پەيدا بولدى. sohoo نى باشقۇرۇغۇچى ياش sohoo نى yahoo بىلەن بەسلەشتۈرىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. قىزىقارلىقى شۇكى، ئۇ بۇ سۆزنى قىلغان چاغنىڭ ئۆزى دەل ياخۇدىكى ياڭ جىيۈەن بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ sohoo نى سېتىۋالماقچى بولغان. ئەمما sohoo بولسا بۇنى رەت قىلغان چاغ ئىدى. ئۇچۇر كەسپىنىڭ جەڭ مەيدانى بىر تۈركۈم نوچى كىشىلەرنى يېتىلدۈردى. بىز جۇڭگونىڭ ئۇچۇر كەسپى جەڭ مەيدانىدىمۇ ئەنە شۇنداق بىر تۈركۈم ياش باشلامچىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تەقەززامىز.

(جامال ئىمىن تەرجىمە قىلدى)



مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزدا كېلەر يىلى بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرگە قىزىقسىڭىز 61 ـ بەتكە قاراڭ.

ETHNIC UNITY

# 10 يىللىق ھاسىلات

## سائىلىق مەلۇمات

ئۇيغۇرچە «ملله‌تله‌ر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى 1988-يىلى ئۆكتەبىردە دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ، 30 غا يېقىن سەھىپە بويىچە تۈرلۈك ژانىردىكى ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر ۋە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي بېرىپ كەلدى. بۇنىڭ كونكرېت سانى تۆۋەندىكىچە: **«ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىسى»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ماقالە 145 پارچە، **«ملله‌تله‌ر مۇنبىرى»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ماقالە 97 پارچە، **«نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ماقالە 108 پارچە، **«ئىقتىساد رۇجىكى»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ماقالە 51 پارچە، **«ملله‌تله‌ر مائارىپى»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ماقالە 41 پارچە، **«ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ماقالە 75 پارچە، **«ملله‌تله‌ر ئىشلىرى كومىتېتلىرى مۇدىرلىرىنىڭ سەلتەنىتى»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 3 پارچە، **«تۆھپىكارلار»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 38 پارچە، **«جاھانغا نەزەر»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 6 پارچە، **«ملله‌تله‌ر چولك ئائىلىسىدە»** (بۇ سەھىپىنىڭ ئىلگىرى نامى «مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار»ئىدى) سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 52 پارچە، **«مىللەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 70 پارچە، **«مىللەت خەزىنىسى»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 70 پارچە، **«پايتەختتىكى ئۇيغۇرلار»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 9 پارچە، **«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 7 پارچە، **«دۇنيا ملله‌تلىرى»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 50 پارچە، **«مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 55 پارچە، **«مىللەت ۋە قانۇن»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 55 پارچە، **«تۇرمۇشىمىزغا مەسلىھەت»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 54 پارچە، **«تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ماقالە 59 پارچە، **«جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 247 پارچە، **«بىلىم دۇردانىلىرى»** سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئەسەر 180 پارچە، **«‹ژۇرنىلىمىزنىڭ 50 سان نەشر قىلىنغانلىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت› ۋە ‹ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت›»** سەھىپىلىرىدە 17 پارچە ئەسەر ئېلان قىلىندى، **«ئوقۇرمەنلەر ساداسى»** سەھىپىسىگە 36 پارچە ئەسەر بېرىلدى، **«گۈلدەستە»** سەھىپىسىدە 237 پارچە ئەدەبىي ئەسەر (بۇنىڭ ئىچىدە ھېكايە 27 پارچە، شېئىر 90 پارچە، نەسىر 79 پارچە مەسەل 26 پارچە، ئەدەبىي پارچە ۋە ئەدەبىي خاتىرە 6 پارچە، سۆزئويۇنى 9 پارچە) ئېلان قىلىندى، **«كۈلكە خۇرۇچلىرى»** سەھىپىسىدە 354 يۇمۇر ئېلان قىلىندى، **«ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب»** سەھىپىسىدە 622 سوئال-جاۋاب بېرىلدى، **«شەيتان لۇغەت»** سەھىپىسىدە 153 سۆز بېرىلدى، **«بەت ئاستى چىمەنزارى»**دا كىچىك سەھىپىلەر بويىچە 205 پارچە ئەسەر بېرىلدى، **«گۈزەل سەنئەت گۈلزارى»** سەھىپىسىدە 995 پارچە سۈرەت، رەسىم، ھۆسنىخەت بېرىلدى، 1080 پارچىغا يېقىن قىستۇرما سۈرەت ـ رەسىم بېرىلدى.




يول قەدەمنى قەدەملەرگە ئۇلاشتۇرىدۇ، يۈرەكنى يۈرەكلەرگە تۇتاشتۇرىدۇ.

يول — مەنزىلنىڭ باشلىنىشى، يول — بىز بىلەن باغاشلىشىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان كېلەچەك.

ئەجدادلىرىمىز ئاللىبۇرۇنلا «يول يۈرسەڭ باشقا چىق، سۆز ئۈزسەڭ قاشقا چىق» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. بىز يەنە بېشىغا چىقىش كېرەك بولغان ئاشۇنداق يولغا بۇنىڭدىن 10 يىل مۇقەددەم قەدەم باسقانىدۇق. 10 يىل — ئادەم ھاياتىغا نىسبەتەن قىسقىغىنە بىر جەريان، ئەمما بىر ژۇرنال مۇھەررىرلىرىگە نىسبەتەن بۇ 10 يىل 120 ئايدىن، 3650 كۈن ۋە تۈندىن، تالاي ئارامسىز كۈنلەر ۋە ئۇيقۇسىز تۈنلەردىن دېرەك بېرىدۇ. بىز ژۇرنالنى بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشاتساق، ئۇنىڭ 60 سانى 60 تال چوڭ شاختىن، ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇنۇلغان نەچچە مىڭ پارچە ئەسەردىن، ئۇنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈك ياكى شېرىن مېۋىسىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز بۇ ئۇزۇن مۇساپىنىڭ 10 يىلىنى مېڭىپ، يول ئېچىپ كەلدۇق. بۇ يولدا يەنە ماڭىمىز. بۇ يول قانداق يول؟ بۇ ـ شان ـ شەرەپ بىلەن تەلپۈنۈش قوشكېزەك بولۇپ تۇرغان يول، سەپىرىمىزدە، شان ـ شەرەپ يول بەلگىسىنى تىكلىسە، تەلپۈنۈشلەر رەڭدار ھەسەن ـ ھۈسەنگە ئايلاندى: بۇ يول ئوڭغۇل ـ دوڭغۇللۇق بىلەن تولغان كۈنلەر ...

نۇرلەگلىك بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن يولكى، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇللۇقلار روھنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرسە، تۈزلەڭلىك سەپەر يولىنى ھاسىل قىلدى: بۇ يول ئەسلەش ۋە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشلەر تەڭلا مەۋجۇت بولىدىغان شۇنداق يولكى، ئەسلەش ئەقىل ـ پاراسەتكە ئايلانسا، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش پەم ـ پاراسەت ۋە جاسارەت بەخش ئەتتى: بۇ يول ۋارىسلىق قىلىش بىلەن كەلگۈسى ئىقبال تەڭلا مەۋجۇت بولىدىغان شۇنداق يولكى، ۋارىسلىق قىلىش ئەنئەنىنى نۇرلاندۇرسا، كەلگۈسى ئىقبال زېمىنىدا ئۇزارماقتا...

بۇ يولدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش خۇشاللىقى قەلبلەرنى مەستخۇشلۇققا مۇيەسسەر ئەتتى: بۇ يولدا مەغلۇبىيەت ئازابى، باش قېتىنچىلىقى ھەسرەت چېكىشنى بىردىنلا ئالغا ئىنتىلىش دۇمبىقىنىڭ ساداسىغا ئايلاندۇردى: بۇ يولدا ئىزدىنىش چۇقانلىرى تەشۋىش نېرۋىلىرىنى

ئويغاتتى؛ بۇ يولدا تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى ئەقىل - ئىدراك يانغىنلىرىنى يالقۇنجاتتى. بۇ يول سەپكە يېڭىدىن قوشۇلغان ياشلارنىڭ روھىنى جۇشقۇنلىتىپ، ئىرادىسىنى تاۋلىدى. ئۇلار تاڭ شەپىقىگە چۆمگەن ئۇزۇن يولدا تومۇرلاردىكى پورۇقلاپ قايناپ تۇرغان قىزىق قانلىرى ۋە ئىشتىياقى بىلەن كەلگۈسىنىڭ سەلتەنىتىنى ئاپىرىدە قىلماقتا. ۋاھ، بۇ يولدا ئاسمان - پەلەك ئۆسكەن كادالڭ دەرەخ بىلەن يېڭىدىن يوپۇرماق چىقارغان بىخ - نوتىلار چىتىلىشماقتا، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىلار ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈللەرنى ئوراپ غۇژمەك - غۇژمەك ھالەتتە تۇرماقتا؛ يېشىل ياپراقلار مېۋىلەرنى ئالتۇندەك چاقناتماقتا؛ يول ئاچقۇچىلارنىڭ ئىزلىرى بىلەن ئۇرۇق سالغۇچىلارنىڭ تەرلىرى تۇرمۇشنىڭ تارىلىرىنى سەلتەنەتكە چۆمدۈرۈپ، ئېتىقاد ۋە ھاسىلات مېۋىلىرىنى غايە مۇنبىرىدە نامايىش قىلماقتا.

بۇ يولدا بىز ئاخشامقى يۇلتۇزلاردا ئەتىكى سامان يولىنىڭ چاقنىغان نۇرلىرى بولىسكەن دەپ يۇلتۇزلار قاپلىغان ئاسمان بوشلۇقىغا تىكىلەتتۇق؛ چەكسىز - بىپايان يېشىللىقنىڭ ئۈمىد ماچتىسىنى چىقىرىشنى كۈتۈپ دېڭىز-ئوكيانلارغا تەلپۈنەتتۇق؛ يىراق قەدىمكى زاماندىكى ۋاقىت ئۆزگىرىشلىرى بۈگۈنكى مەدەنىيلىك يىلنامىلىرىغا ئايلانسىكەن دەپ چوققا - داۋانلارغا چىقىپ توۋلايتتۇق؛ چەكسىز كەتكەن چۆل - جەزىرىلەردىكى بوستانلىقلارنىڭ تەلپۈنۈشلەرنى چىللىشى بولىسكەن دەپ قۇملۇق - چۆللۈكلەرگە ھارماي باقاتتۇق.

«نامسىز قەھرىمان» دەپ ئاتالغان مۇھەررىرلەرنىڭ يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينەكلىرى بۇ يولنىڭ يول بەلگىسىنىڭ نەقەدەر ئېگىزلىكىنى بىلىدۇ؛ «تاجىسىز شاھ» دەپ نام ئالغان مۇخبىرلارنىڭ زىيارەت خاتىرىلىرى بۇ يول مەزمۇنىنىڭ نەقەدەر مول ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ؛ فوتو سۈرەتچىلەر ئاپپاراتىنىڭ كۆزى بۇ يول ئارىلىقىنىڭ كىشى يۈرىكىنى نەقەدەر تىترىتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ؛ گۈزەل سەنئەت خادىملىرىنىڭ قەلەم بوياقلىرى بۇ يول رەڭلىرىنىڭ نەقەدەر يارقىنلىقىنى بىلىدۇ. بۇ يولدا بەزىلەر يارقىن ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئىزلار ئىزدىنىش ۋە جاسارەتنىڭ ئىز يالدامىسى؛ بەزىلەر ئۆزىنىڭ تەبەسسۇمى ۋە رازىمەنلىكىنى قالدۇرۇپ كەتتى، ئۇلار ئۈمىدۋارلىق بىلەن يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ ئەينەن خاتىرىسى؛ بەزىلەر پاسىل بەلگىسىنى قالدۇرۇپ كەتتى، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىلەن مەغلۇپ بولۇشنىڭ ئاۋاز قايتۇرغۇچ ئېمى؛ بەزىلەر شېئىر - نەزمىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى، ئۇ ھېسسىيات-سەزگۈنىڭ ئەقىلگە ئوقۇغان مەدھىيىسى. دەرۋەقە، بەزىلەر ھەسرىتىنىمۇ قالدۇرۇپ كەتتى، ئۇ بولسا قەيسەرلىكنىڭ بوشاڭلىق - ئەزمىلىكنى مەسخىرە قىلىشى؛ يەنە بەزىلەر غەلىتە ئەندىشىلەرنىمۇ قالدۇرۇپ كەتتى، ئۇ بولسا كۆڭۈل ئىسترېلكىسىنىڭ قىيسىيىشىدىكى ئامالسىزلىقى؛ يەنە بەزىلەر غەم - غۇسسىنى قالدۇرۇپ كەتتى، ئۇمۇ ئېقىن سۇنىڭ توزىغان گۈللەرنى مازاق قىلىشى؛ يەنە بەزىلەر تېگىرقاپمۇ قالدى...

بۇ يولغا قەدەم باسقاندا، «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن» دېگەندەك ئىزچىللىق، ئىرادە بولۇشى؛ جاسارەت، پاراسەت، ماھارەت، پاساھەتمۇ بولۇشى؛ ئۆتۈپ چىقىش، رىقابەت ئېڭى بولۇشى، تەمكىنلىك، سالاپەتلىك بولۇشى كېرەك.

توخۇ يۈرەكلەرنىڭ بۇ يول بىلەن مۇناسىۋىتى يوق؛ ھۇرۇن - لايغەزەللەرنىڭ بۇ يول بىلەن ئالاقىسى يوق، شاللاق، تەنتەكلەر بۇ يولدىن تېخىمۇ يىراق. يارىماس-بىچىقىملار بۇ يولدىكى توسالغۇدىنلا ئىبارەت، خالاس. بۇ يول يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگۈچىلەرنىڭ ئىرادىسىگە مەنسۇپ؛ بۇ يول ئۇزۇن سەپەرگە يۈرگۈچىلەرنىڭ ئەقىدىسىگە مەنسۇپ. بۇ يول ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ باتۇرلۇقىغا مەنسۇپ؛ بۇ يول جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىگە مەنسۇپ. بىز بۇ يولدا تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق، قىرتاق ئىمتىھانلىرىنى قوبۇل قىلىشقىمۇ، شېرىن-شەربەتلىك كەۋسەرلىرىدىن ھوزۇرلىنىشقىمۇ رازىمىز؛ ھەر قانداق ئېغىر يۈك-



نى زېمىمىزگە ئېلىپ، ئۆزىمىزنى قايتا - قايتا نامايان قىلىمىز؛ ئەقىل - پاراسەتنىڭ كەلكۈنىلا زوق - ئىشتىياقنىڭ قىيا تاشلىرىنى سۆيۈپ تۇرۇشنى ئىختىيار قىلىمىز.

ئېھ، بۇ يولنىڭ خاسىيەتلىك رىتىملىرى نەدە؟ئۇ — قەدىمىي سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۆتكەل - ئېغىزلىرىدا، نىيە، مىرەن، كىرورەن، يارغولدىكى قۇم ئاستىغا يوشۇرۇنغان مەدەنىيەتنىڭ قۇم بارخانلىرىنى بۆسۈپ چىقىشىدا؛ مىڭ ئۆيلەردىكى ئەجداد ئىزلىرى، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ يالتىرىشىدا؛ ئالتاي، قاراقۇرۇم، تەڭرىتاغىنىڭ ئاقباش چوققىلىرىدىكى چاقناشلاردا؛ ئىلى، تارىم، تۆمەن، يۇرۇڭقاش، قىران دەريالىرىنىڭ سۇرلۇك، شوخ ئۆركەشلىرىدە؛ بوغدا، سايرام، قاناس كۆللىرىدىكى جىلۋىلەردە؛ ھېيتگاھتىن كۆتۈرۈلگەن جۇشقۇن، ياڭراق ناغرا - سۇناي ساداسىدا؛ بۇدالا ئوردىسىنىڭ ئالتۇن تورۇسلىرىدا... بۇ يولنىڭ سەلتەنىتى نەدە؟ ئۇنىڭ سەلتەنىتى قەدىمكى يىپەك يولىدىكى كارۋانلارنىڭ كولدۇرمىلىرىدا؛ تۆرلۈك - تۈمەن گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىدا. بۇ يولنىڭ باشلىنىشى ئەزىم تارىم دەرياسىنىڭ جىمجىت سەھرىدە، بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدىكى مەرۋايىت - مارجانلاردا، دولقۇنلۇق ھېسابسىز قۇم بۇلاقلىرىدا؛ پامىر ئېگىزلىكىدىكى رەڭدار بۇلۇتلاردا؛ ئۇسسۇرى دەرياسىدىكى قاتناش بەلگىسىدە! بۇ يولنىڭ مەنزىلى نەدە؟ تۈمەنلىگەن ئائىلىلەردە يېنىپ تۇرغان چىراغلاردا، يېزا مەھەللىلىرىدىكى تۇرگۇن - تۇرگۇن ئىس-تۈتەكلەردە؛ دولقۇنلىنىپ تۇرغان شالزارلىق، كېۋەزلىكلەردە، ئېتىزلاردا، لاۋۇلداپ تۇرغان پېچ يالقۇنلىرىدا، ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا سوزۇلغان چېگرىلاردىكى گازارمىلاردا...

بىز مۇشۇنداق بىر مەنىلىك، مۇشكۇلى لەززەت بىر يولغا چىقتۇق. ئېگىز چوققا، تىك قىيالار بىزگە مەنمەنلىك بىلەن باقماقتا؛ كۆپكۆك شاۋقۇنلۇق دېڭىز ئەركە دولقۇنلىرى بىلەن بىزنى دەم تارتماقتا؛ بۇك - باراقسان چاتقاللىق بىزگە سىناق كۆچىتى ئۇزاتماقتا؛ سۇسىز، پايانسىز قۇملۇقلار بىزگە ھەۋەس بىلەن خىرىس قىلماقتا؛ بىز ئىنتىلگەن مۇۋەپپەقىيەت گۆھىرى كۆز يەتمىگۈدەك يايلاق- داللارنىڭ يەنە بىر چېتىدە جۇلالىنىپ بىزنى كۈتمەكتە. بىز بۇ يولدا ئېرىشكەن شادلىقىمىزدىن سىزنىمۇ بەھرىمەن قىلماي قويمايمىز!

## «جەزبدار گۈلدەستىلەر» ناملىق كىتابنى كۆرۈشكە ئالدىراڭ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چىقىرىلغان «جەزبدار گۈلدەستىلەر» ناملىق چىرايلىققىنە بىر كىتاب يېقىندا رەسمىي نەشردىن چىقتى. بۇ كىتاب ژۇرنىلىمىزدا 10 يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنغان ساقلاش ۋە قايتا-قايتا ئوقۇش قىممىتىگە ئىگە تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ جەۋھەرلىرىدىن تۈزۈلگەن. كىتابقا يازغۇچى ئەخمەت ھاشىمنىڭ «پۇل تېپىۋاتقانلارغا ۋە تاپقان پۇلنى خەجلەۋاتقانلارغا بىر نەزەر»، شائىر روزى سايىتنىڭ «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم»، شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ «خۇراپات»، يازغۇچى ئەخمەت ئىمىنىنىڭ «ناشۇكۇر خىياللار»، يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ «كىتاب ۋە كىتابخان ھەققىدە ئويلار»، ئابلىكىم ئابلىمىتنىڭ «زەئىپ تەن، جۇشقۇن روھ»، پەزىلەت ئىسرائىلنىڭ «بىز شۇنداق ئانىمۇ»... جەۋھەرلەردىن تەرمىلەردىن: «ئادەم مەڭگۈ تونۇلۇغۇنكى كۈندە ياشاۋەرمەسلىكى كېرەك»، «پۇل توغرىسىدىكى 15 ئەقلىيە سۆز»، «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ 15 تۈرلۈك ئالتۇن تېئورمىسى» قاتارلىق 40 نەچچە پارچە ئەسەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىلگىرىكى سانلىرىنى كۆرەلمىگەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەقەززالىقىنى قاندۇردۇ، ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرگە ئاجايىپ زور ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ. مەزكۇر كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، شۆبە ئىدارىمىز تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ، 36 فورمات، 360 بەت، باھاسى 11 يۈەن.

100 نۇسخىدىن ئارتۇق سېتىۋالغۇچىلارغا باھادا % 20 ئېتىبار بېرىلىدۇ. سېتىۋالماقچى بولسىڭىز، بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2308564، 2837021

ETHNIC UNITY

# بىلىم بۇلىقى

(شېئىر)

(«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلاپ)

**ئابدۇكېرىم ئۆمەر**

ئوقۇيمەن ھەۋەستە سېنى ھەر كۈنى،
مەن ئۈچۈن سەن پۈتمەس بىلىم بۇلىقى.
مىللەتلەر ھېكمىتى سەندە مۇجەسسەم،
ھەر قەلب، ھەر دىلنىڭ نۇرلۇق چىرىغى.

كەڭ، چوڭقۇر ھېكمەت - دۇر ... نىمىتىڭ بىلەن
گۈل كەبى ۋەتەنگە چاچتىڭ خۇش پۇراق.
بىلىمگە ھېرىسمەن ئوقۇرمەن ئۈچۈن
مېھرىبان ئانا بوپ ئاچتىڭ كەڭ قۇچاق.

مەركەزنىڭ سىياسەت، پەرمانلىرىنى
ھەر كۆڭۈل تۆرىدە قىلىسەن مېھمان؛
«ئىسلاھات، تەرەققىيات» سەھىپىسىدە
نى گۈزەل ئارزۇنى قىلىسەن ئېھسان.

«مىللەتلەر مۇنبىرى» گۈل تاجىڭ ئىكەن،
تىل - يېزىق، ئادەت ۋە خىسلەت ئۇندا جەم.
ھەر مىللەت تۇرمۇشى، خاسلىق، ئورتاقلىق،
ئېتىقاد، كەشپىيات ... ئورۇن ئالغان ھەم.

«پايتەختتىكى ئۇيغۇرلار» تېخىمۇ كۆركەم،
قەدىمىم مىللەتنى ئەلگە تونۇتار.
پەخىر ۋە غۇرۇرنى ئۇرغۇتۇپ دائىم،
ھەر قەلب، ھەر دىلنى يەنە يورۇتار.

«مىللەتلەر ئىشلىرى...» ھەممىگە مەلۇم،
«مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار»چۇ تېخى؛
«جاھانغا نەزەر»دە دۇنيادىن ئۈچۈر...
سەن بىلەن گۈللەيدۇ ئىلىم - پەن بېغى.

«مىللىتىم ھەققىدە پارالاڭ»لارمۇ بار،
«مىللەت خەزىنىسى» بىر زەمزەم بۇلاق؛
«مىللەت ۋە ئۆرپ ئادەت» سەھىپىسىدە
مىللەتلەر خاسلىقى چاچار خۇش پۇراق.

«تۆھپىكار» خىسلىتىگە بېرىلسە باھا،
ئاۋامغا بۈيۈك ئىش بولار نامايان.
تۆھپىكار ئىنسانلار پەزىلەتلىرى
جەڭگىۋار قۇرلاردىن ھەممىگە ئايان.

«جەۋھەردىن تەرمىلەر»نى ئوقۇغىنىمدا،
بىلىمنىڭ قەنتىنى يەنە چاقىمەن.
ئىشلىرىم يول تېپىپ ئاشۇ قۇرلاردىن،
بەيگىدە دۇلدۇل بوپ قانات قاقىمەن.

«ھەزىل چاۋىلار»مۇ كۆڭۈلگە ئارام،
تۇرمۇشقا يېڭىچە بېرىدۇ مەنە.
«كۈلكە خۇرۇچلىرى» يۈرەككە سالام،
مەنىۋى لەززەتلەر سۇنىدۇ يەنە.

سەرخىلدىن تاللانغان تېخى «گۈلدەستە»،
مەزمۇنلۇق، ئېسىل بەدىئىي قىممىتى.
مەسەل، ھېكايە، شېئىر، سۆز ئويۇنلىرى
ئەدىب ۋە تەھرىرىنىڭ ئەجرى - مېھنىتى.

«بەت ئاستى چىمەنزارى» چىمەنباغ ئىكەن،
چارچىغان پۇرسەتتە تېنىمگە راھەت.
ھەر قۇردا پاراسەت - ئەقىل، بىلىم جەم،
ئۆزگىچە نازاكەت، ئىللىق ھارارەت.

«سەنئەت گۈلزارى»مۇ جۇلالىق، رەڭدار،
سەنئەتكار، ئىقتىدار بولغان ئاڭا جەم.
ساپ كۆڭۈل مەسلىھەت، نەسىھەت، خىسلەت...
پارلايدۇ گۈلزاردا گۈزەل ۋە كۆركەم.

تەڭداشلىق، ئىناقلىق يەنە ھەمكارلىق،
ژۇرنىلىم، ئىزدىنىش بولسۇن مىزانىڭ!
بىز مەڭگۈ ھەر ئىستون، ھەر بىر بېتىڭدىن،
ئەل - ۋەتەن ئۈمىدى بولسۇن نىشانىڭ!



(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلەيدۇ)

ETHNIC UNITY

# ئامېرىكا تەسىراتلىرى

## (ساياھەت خاتىرىسى)

ئىدرىس بارات

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

**7. «دۇنيانىڭ مەركىزى»، «ئىمپىرىيە بىناسى» ۋە ۋال ـ سترىت كوچىسىدىكى «قاچقۇن»**

ئامېرىكا تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئويلايدىغىنى نيۇ ـ يورك بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىغا زىيارەتكە بارىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا بېيجىڭدىن تېلېفون كەلگەندە، مەنمۇ ئەڭ ئاۋۋال قارشى تەرەپتىن «نيۇ-يوركقا بارامدىكەنمىز؟» دەپ سورىغانىدىم. چۈنكى مېنىڭ 30 نەچچە يىللىق ھېسسىي تەسەۋۋۇرۇمدا، نيۇ ـ يورك ئامېرىكىنىڭ سىمۋولى ئىدى، نيۇ-يوركقا بارماي كەلدىم دېسەم، ھېچكىم مېنىڭ ئامېرىكىغا بېرىپ كەلگىنىمگە ئىشەنمەس ئىدى. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشتىن ئىلگىرى، مېنىڭ نيۇ ـ يورك توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرۇم: دۇنيا بويىچە ئەڭ ئاۋات شەھەر؛ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز ئاسمان ـ پەلەك بىنالارنىڭ توپلانغان جايى؛ دۇنيانىڭ مەركىزى؛ پۈتكۈل ئامېرىكىلىق تەلپۈنىدىغان شەھەر؛ نەرسە ـ كېرەك ئەڭ قىممەت شەھەر دېگەندەك ئۇقۇملار ئىدى.

بىز جۇڭگو ۋاقتى بويىچە 1996 ـ يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنى يەنى 31-دېكابىر سائەت 12 دە (ئامېرىكا لوس- ئانژېلېس ۋاقتى 30 ـ چېسلا ئەتىگەن سائەت 8 دە). ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ 88 ـ نۆۋەتلىك ئايروپىلانى بىلەن نيۇ ـ يوركقا قاراپ يولغا چىقماقچى بولدۇق. بۇ بىزنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى «خەلقئارالىق نۆۋەتچى ئايروپىلان» غا چىقىشىمىز ئىدى. بىز شاڭخەيدىن ئامېرىكىغا كەلگۈچە چىققىنىمىزمۇ «خەلقئارالىق نۆۋەتچى ئايروپىلان» بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانى ئىدى. ئىلگىرى كۆرگەن ماتېرىياللاردا، ياۋروپا ـ ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ خەلقئارالىق ئايروپىلانلىرىدا مۇلازىمەت ياخشى، جۇڭگونىڭ مۇلازىمەت سەۋىيىسى چەت ئەللەرنىڭكىگە يېتىشەلمەيدۇ، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ قېتىم ئۆزۈمنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتىم بويىچە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدىم.

لوس ـ ئانژېلېس ئايرودرومىدا 8 دە ئۇچىدۇ دېگەن ئايروپىلان 8 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە ئاران قوزغالدى. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا،




مەشھۇر ئىمپىرىيە بىناسى

ئامېرىكىدەك يۈكسەك تەرەققىي قىلغان دۆلەتتە ۋاقىتقا قاتتىق رىئايە قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى. ئايروپىلانى ۋاقتىدا ئۇچمايدىغان تەرىپى بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىن ئارقىدا تۇرىدىكەن دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. نيۇ- يوركتەك دۇنياۋى كاتتا مەشھۇر شەھەرگە ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلاننىڭ ئىچكى ئەسلىھەلىرى، بېزىلىشى، خىزمەتچى خېنىملىرى ئالاھىدە سۈپەتلىك بولار دەپ ئويلىغانىدىم. ئايروپىلانغا چىقىپ قارىسام، ئادەتتىكىچە ئىكەن. بولۇپمۇ ھە دېگەندىلا كۆزگە چېلىقىدىغان خىزمەتچى خېنىملىرى بىزنىڭ جۇڭگونىڭ «خەلقئارالىق» ئايروپىلانىدىكى خىزمەتچى خېنىملاردىن كۆپ پەرقلىنىدىكەن: بىزنىڭ جۇڭگولۇق خېنىملار ئېگىز، زىلۋا بوي، ئاق يۈزلۈك، كېلىشكەن قىزلار ئىدى: ئامېرىكا ئايروپىلانىدىكى خېنىملار بولسا، يېشى 40 لاردىن ئاشقان، پېشانىسىگە ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا خېلى چوڭ قورۇقلار چۈشكەن «موماي» سۈپەت خېنىملار ئىدى. كۆڭلۈمگە بىرىنچى بولۇپ كەچكىنى: جۇڭگودا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدە خىزمەت قىلىش ھەممە كىشى ئىنتىلىدىغان خىزمەت، شۇڭا، خىزمەتچى خېنىملارمۇ مىڭدىن بىرى دېگۈدەك تاللاپ ئېلىنىدۇ؛ ئامېرىكىدا بولسا، پۇللۇق كەسىپلەر كۆپ، شۇڭا چىرايلىق ياش خېنىملار بۇ خىزمەتنى ياراتمىغان بولسا، بۇ ئىش مۇشۇنداق بىچارە «موماي»لارغا نېسىپ بولغان بولسا كېرەك...

لوس - ئانژېلېس بىلەن نيۇ - يورك ئارىلىقىدا 5 يېرىم سائەت ئۇچتۇق. ئارىلىقتا خىزمەتچى خېنىملار ئادەتتىكى ئايروپىلانلاردىكىدەك تاماق، مېۋە - چېۋە سۈيى، پىۋا دېگەندەك ئىچىملىكلەرنى ئەكىلىپ تۇردى. ئىچىملىكنىڭ قۇتىسىدىكى رەسىمگە قاراپ نېمىنى ئىچىدىغانلىقىمىزنى ئاسانلا تاللىۋالدۇق، تاماققا كەلگەندە «مەسىلە» يۈز بەردى: ھەممىمىزگە ئوخشاشلا كوروپكىغا قاچىلانغان تاماق كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ گۆشى توغرىسىدا كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەتچى «موماي»نى چاقىرىپ، تاماق كوروپكىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «مەن مۇسۇلمان» دېگەن سۆزنى ئىنگلىزچە دېدىم. بەلكىم مېنىڭ تەلەپپۇزۇم «شىنجاڭچە» بولۇپ ئۇنىڭغا ئۇقتۇرالمىغاندىمەن، ئۇ موماي مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنمىدى. تۇساتتىن، ئىلگىرى ئامېرىكىغا بېرىپ كەلگەن بەزى ئاغىنىلەرنىڭ «چوشقا گۆشى يېمەيمەن» دېگەن سۆزنى ئىنگلىزچە «نوپوۇق» دەيدىكەن دېگەن چاقچاق گېپى يادىمغا كەلدى - دە، ئىككى قولۇم بىلەن سالپاق قۇلاقنىڭ ئىشارىتىنى قىلىپ، «No pork»



نيۇ - يوركتىكى ئاراللارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆۋرۈكلەر

دېمەگەن سۆزنى 2 ـ 3 قېتىم تەكرارلىدىم. ئۆزۈمنىڭ چۈشەنچىسىچە، «No» سۆزى ئىنگلىزچە رەت قىلىشنى، قوشۇلمايدىغانلىقنى بىلدۈرەتتى. چوشقا گۆشى دېگەن سۆزنى ئاڭلىۋالغىنىم بويىچە «pork» دېدىم، مەقسىتىم: «چوشقا گۆشى لازىم ئەمەس» دېمەكچى ئىدىم. سىرىقچىراي خىزمەتچى «موماي» كۈلۈپ كەتتى ـ دە، «oK» دەپ قويۇپ كېتىپ، باشقا بىر كوروپكىدا بىمەكلىك ئەپكەلدى. قارىسام، ھەممىۋاسى توغرالغان كۆكتات ۋە بىر پارچە بولكا ئىكەن. قورسىقىم ئاچ قالغان بولسىمۇ، ئىنگلىزلارغا مەقسىتىمنى ئۇقتۇرالغىنىمدىن، «پوق» يەپ قالمىغىنىمدىن مەمنۇن بولدۇم.

ئايروپىلان نيۇ ـ يورك ئاسمىنى ئۈستىدە ئايلىنىۋاتقاندا، دېرىزىدىن كۆردۈقكى، نيۇ ـ يورك بەئەينى پايانسىز دېڭىزدىن بۆرتۈپ چىققان ئېگىز بىنالار ئورمانلىقىغا ئوخشايدىكەن. ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز سۇ، ئوتتۇرىسى ئاسمان ـ پەلەك بىنالار، ئارىلارنى ستېرېئولۇق كۆۋرۈكلەر تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان، ئۆمۈچۈكنىڭ توردەك يوللاردا ماشىنا ـ پىكاپلار قۇرت ـ قوڭغۇزلاردەك مىدىرلاۋاتقان بۇنداق مەنزىرىنى نيۇ ـ يوركتىن باشقا دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئۇچراتقىلى بولماس. بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىز ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتوننى جۇڭگونىڭ بېيجىڭىغا، نيۇ ـ يوركنى شاڭخەيگە باراۋەر كېلىدۇ، دەپ قارايدىكەن. (بېيجىڭ بىلەن ۋاشىنگتوننىڭ سېلىشتۇرمىسى توغرىسىدا كېيىنكى ماقالەمدە ئايرىم توختىلىمەن)، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، شاڭخەينىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ۋۇ سۇڭكو ئېغىزىغا، نيۇ ـ يوركنىڭ خادسون دەرياسىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقانلىقى، ھەر ئىككىسىنىڭ پورت شەھىرى ئىكەنلىكى، ھەر ئىككىسىنىڭ نوپۇسىنىڭ زىچلىقى، ھەر ئىككىسىنىڭ كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بىنالىرىنىڭ ئېگىزلىكى تۈپەيلىدىن كوچىلىرى كۈن نۇرى كۆرمەيدىغان «سۆرۈن تەلەت» ئىكەنلىكىگە قاراپ شۇنداق ئوخشاتقان بولسا كېرەك. ئەمما نيۇ ـ يورك شاڭخەيدىن ئۆزگىچە بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەن. ئامېرىكىلىقلار نيۇ ـ يوركنى ئامېرىكىنىڭ ھەقىقىي پايتەختى دەپ قارايدىكەن. چۈنكى ئۇ مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن: بىرىنچى، ئامېرىكا بويىچە نوپۇسى ئەڭ كۆپ، ئەڭ ئاۋات شەھەر. نيۇ ـ يوركنىڭ نوپۇسى 10 مىليوندىن ئارتۇق، قۇرۇقلۇق يەر كۆلىمى 775 كۋادرات كىلومېتىر ئىكەن. ئامېرىكىدەك زېمىنى كەڭ، كىشىلەر ئازادە ياشاشقا ئىنتىلىدىغان ئەلدە بۇنداق كۆپ نوپۇسنىڭ قىستىلىشىپ نيۇ ـ يوركقا توپلىنىۋېلىشى ئالاھىدە ئەھۋال ئىكەن. ئىككىنچى، نيۇ ـ يورك ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ سودا پورتى ئىكەن. ئۈچىنچى، نيۇ ـ يورك ئامېرىكىنىڭ شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيانىڭ پۇل مۇئامىلە مەركىزى ئىكەن. پۈتۈن دۇنيا بويىچە ھەرقايسى چوڭ بانكىلارنىڭ باش شتابلىرى نيۇ ـ يوركقا جايلاشقان. نيۇ ـ يورك پاي چېكى بازىرىدىكى باھانىڭ ھەر كۈنلۈك ئۆزگىرىشى غەرب ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ



دۇنيا سودا مەركىزىنىڭ ئاسمان ـ پەلەك قوشماق بىناسى

# مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ قەلب ئىزھارى



سىزنىڭ [illegible]

[illegible]



[illegible] دۇنيا [illegible]

[illegible] دۇنيا [illegible]

[illegible] دۇنيا [illegible]

[illegible]

[illegible]



قەلب [illegible]

[illegible]



ئىللىق تەبەسسۇم، ئىسسىق ئالقانلار

بىزنى مەڭگۈلۈك يېقىن دوستلار سېپىگە

قوشقاي !

—— قۇدرەت ئەخمەت

## 10 يىللىق ئىز

全国百种重点社科期刊
中华人民共和国
新闻出版署
1998-1999

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىمىز دۇنياغا كەلگەن 10 يىلدىن بۇيان تۆۋەندىكىچە مۇ
قالدۇردى: 1. جەمئىي 3016 پارچە ماقالە- ئەسەر، 2075 پارچە گۈزەل سەنئەت ئەسىرى ئې
ھاسىلات» ناملىق سانلىق مەلۇماتقا قاراڭ)؛ 2. تىراژى 1988 - يىلىدىكى 3000 دىن 1998
شۆبە پارتىيە ياچېيكىمىز دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئورگان پارتكومى تەرىپىدىن
قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى دېگەن شان - شەرەپكە ئېرىشىپ تەقدىرلەندى؛ 4. شۆبە ئىدارە ي
دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئورگان پارتكومى تەرىپىدىن 1994 ـ 1995 - يىللى
بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پا
ئاۋانگارتلىرى» 1997 - يىللىق 1 - ساندا ئىدىرىس باراتنىڭ ئىش ئىزلىرىنى خەۋەر قىلدى
... ئۇيغۇرچە «مىللە
ھەمسىلەپ ئاشقانلىقتىن، ژۇر
شىنجاڭ بويىچە 10 مۇنەۋۋەر گې
بولۇپ مۇكاپاتلاندى. 6. ژۇرنىل
ئىجتىمائىي پەن ...
ژۇرنالنىڭ بىرى بولۇپ باھالاند




تۇغما سان مۇقاۋىسى)




تەقدىرنا



مۇھاكىمە قىلماقتا.




پيەقيەتلەرگە ئېرشىپ ئۆچمەس ئىز
ن قىلدى. (ئىچ بەتتىكى «10 يىللىق
- يىلى 88 مىڭغا يەتتى؛ 3. شىنجاڭ
199‒ 1994 ـ يىللىق ئىلغار ئاساسىي
يە ياچېيكا شۇجىسى ئىدرىس بارات
مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خادىمى
كومىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «شىنجاڭ

لەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ تىراژى
اللار نەشرىياتىمىز 1996 ـ يىلى
رىت ـ ژۇرنال نەشرىياتىنىڭ بىرى
ىز 1998 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە
ى يۈز خىل نۇقتىلىق قەرەللىك
.



ياچېيكا ئەزالىرى ياچېيكا يىغىنىدا.



قازاق بۆلۈمىدىكىلەر ژۇرنال خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلماقتا.




ـــ مۇكاپات بۇيۇمى



ۋلت ارالىق تەحرىبەلى، ىبراىلىم، كەڭ-
ەكىندىستىك قاتىناستى ساقتاپ، وسكەن-
دىگى رۋحى، قۇاتتى تىرلىكتى باستاۋ — جوڭ-
عار دالاسىنىڭ باعىتى، ازاماتتاردىڭ بورىشى.

— ارىپ زۇرعابەك ۇلى



جالعاسىن سىرلاسىڭ بولساڭ كەڭ!
ساحات بازارقان ۇلى



قولىمىزدان شىعاتىن ونىمى جاسىلىم
حالقىمىزدىڭ وي-ساناسىن ونەرىن، ولاردى
ازدا بولسادا علىم-بىلىمىن ارتتىرسا،
ەڭبەگىمىزگە بۇدان ارتىق جاعا بولار ما!
نۇرماحمەت قيلىبەك ۇلى



جۇزدەسكەنە جوعىمىز، تانىسپىز،
كورىسىپ دە ەمەسپىز، السىپىز.
بىراق جاقسى ەدىڭ دەمەيمىز،
ونىڭ تاڭداپ السىپسىز.
ق. كادىرباقىن ۇلى اكىمجان

تۇرىدىكەن. تۆتىنچى، نيۇ - يورك ئامېرىكىنىڭ كىيىم- كېچەك كەسپى، ئاخباراتچىلىق - نەشرىياتچىلىق كەسپى، مۇزىكا ئەسۋابلىرى كەسپىنىڭ مەركىزى ئىكەن. يەنى بۇ شەھەر پۇل مەركىزى، مودا كىيىملەر مەركىزى ھېسابلىنىدىكەن. كىنو چولپانلىرىنىڭ مۇقەددەس جايى ۋوللىۋوت لوس - ئانژېلېسقا جايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە زىبۇ زىننەتلىرى پۈتۈنلەي نيۇ - يوركتىن كېلىدىكەن. ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ 3 رادىئو - تېلېۋىزىيە شىركىتى يەنى ئامېرىكا رادىئو شىركىتى (ABC)، كولومبىيە رادىئو شىركىتى (CBS) ۋە دۆلەت رادىئو شىركىتى (NBC)مۇ نيۇ - يوركتا ئىكەن. بەشىنچى، نيۇ - يورك ئامېرىكىنىڭ سەنئەت، مۇزىكا ۋە تىياتىر مەركىزى ئىكەن. بەزىلەر ھەتتا، 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پارىژ دۇنيا بويىچە سەنئەت مەركىزى ھېسابلىناتتى، 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ مەركەز نيۇ - يوركقا يۆتكەلدى، دەپ قارايدىكەن. چۈنكى بۇ يەردىكى ھەر خىل سەنئەت سارايلىرىدا ساقلانغان بەدىئىي سەنئەت بۇيۇملىرى ئېسىل ۋە مول ئىكەن، نيۇ - يوركتا مۇزىكا كېچىلىكى ۋە بالېت- ئۇسسۇل كېچىلىكى ناھايىتى كۆپ ئۆتكۈزۈلىدىكەن، نۇرغۇن ناخشا - مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل ماھىرلىرى مۇشۇ يەردە ماھارەت كۆرسىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئاندىن نام - ئاتاق قازىنىپ، دۇنياۋى چولپانلاردىن بولۇپ قالىدىكەن.

نيۇ - يورك شەھىرى مانخاتتون، بروكلېن، براند كېرىست، كونىس قاتارلىق 5 رايوندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مانغاتتون ئارىلى نيۇ - يورك شەھىرىنىڭ ئەڭ ئاۋات مەركىزى ئىكەن. دۇنياغا مەشھۇر ۋال - ستىرت كوچىسىمۇ مانغاتتونغا جايلاشقانىكەن. مانغاتتون ئەسلىدە ئامېرىكىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ھىندىئانلار جايلاشقان ماكان بولۇپ، «مانغاتتون» ھىندىئانلار تىلىدا «ئىپتىدائىي ماكان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، 1626- يىلى گوللاندىيىلىكلەر ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، قىممىتى 24 دوللارغىلا يارايدىغان مارجانغا ھىندىئانلار قولىدىن بۇ جاينى «سېتنۋېلىپ»، «يېڭى ئامستىردام» دەپ نام قويغانىكەن. 1664 - يىلى ئەنگلىيىلىكلەر بۇ جاينى بېسۋالغان ھەم ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ ئۆز ئىنىسى جېمس يوركقا قىلغان سوۋغىسى سۈپىتىدە بۇ جايغا نيۇ - يورك (New york- مەنىسى «يېڭى يورك») دەپ نام قويغان. ئامېرىكا مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇ جاي بىر مەزگىل ئامېرىكا فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق ئىش ئورنى قىلىنغان.



ئاپتور «ئەركىنلىك ئىلاھەسى» ھەيكىلى ئالدىدا

مانغاتتون نيۇ - يورك شەھىرى بويىچە، ھەتتا پۈتكۈل ئامېرىكا بويىچە ئاسمان - پەلەك بىنالار ئەڭ مەركەزلىك جايلاشقان جاي بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەرنى «ئۆرە تۇرغان شەھەر» دەپمۇ ئاتىشىدىكەن. بۇ يەردىكى «ئىمپېرىيە بىناسى» نيۇ - يوركلىقلار ئىپتىخارلىنىدىغان ئېگىز ئىمارەت ئىكەن. 1783 - يىلى، گېئورگى ۋاشىنگتون نيۇ - يوركقا كېلىپ: بۇ يەر «يېڭى ئامېرىكا ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغۇسى» دېگەنىكەن. شۇڭا بۇ 102 قەۋەت، ئېگىزلىكى 381 مېتىر كېلىدىغان «نيۇ - يورك شتاتى بىناسى» «ئىمپېرىيە بىناسى» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ 102

ETHNIC UNITY



ئاپتور پاراخوتتا فرانسىيىلىك دوستلار بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە

قەۋەتلىك «ئىمپېرىيە بىناسى» تاكى 1970 ـ يىلىغا قەدەر نيۇ ـ يورك، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز بىنا سانىلىپ كەلگەن. 1970 ـ يىلى سېلىنغان 412 مېتىر ئېگىز، 111 قەۋەت كېلىدىغان «دۇنيا سودا مەركىزى» بىناسى «ئىمپېرىيە بىناسى»دىن ئۈستۈنلۈكنى تارتىۋالغان. بىز 31 ـ چېسلا ئەتىگەن بۇ «قوشماق بىنا» نىڭ تۆپىسىدىكى يىراقنى كۆرۈش سەيناسىغا چىقىپ، ئۇ يەرگە ئورنىتىلغان غايەت زور دۇربۇنلار بىلەن نيۇ ـ يوركنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، پاراخوت بىلەن رېبورت ئارىلىغا بېرىپ، ئەركىنلىك ئىلاھىيىسى ھەيكىلىنى كۆردۇق. بۇ 100 توننا مىستىن ياسالغان، ئوڭ قولىدا مەڭگۈ ئۆچمەس مەشئەل كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەركىنلىك ئىلاھىيىسى ھەيكىلىنى فرانسىيىلىكلەر ئامېرىكا مۇستەقىللىقىنىڭ 100 يىللىقىغا ئاتاپ سوۋغا قىلغان ئىكەن. بۇ ھەيكەل جايلاشتۇرۇلغان كىچىككىنە ئارال ھازىر يىلىغا 10 مىليون ساياھەتچى كېلىپ ساياھەت قىلىدىغان مەشھۇر ساياھەت نۇقتىسىغا ئايلىنىپتۇ. پاراخوت پرىستانىمۇ ھەر خىل خاتىرە بۇيۇملارنى ساتىدىغان ئاۋات بازارغا ئايلىنىپتۇ. بىز پاراخوتقا چىققۇچە، پاراخوت پرىستانى ئەتراپىدا گىتار چېلىپ نەغمە قىلىپ، ساياھەتچىلەردىن پۇل تىلەۋاتقان ۋە يايما يېيىپ تىجارەت قىلىۋاتقان نېگىرلارنى كۆردۇق.

بىز چىققان پاراخوتتا ھەر خىل ئىرقتىكىلەر، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن سايىل ھەتچىلەر بار ئىدى. بېشىغا «ئەركىنلىك ئىلاھىيىسى»نىڭ باش بەلگىسىنى تاقىۋالغان بىر جۈپ ياشقا كۆزۈم چۈشتى ـ دە، ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئىنگلىزچە سورىدىم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ فرانسىيىدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن فرانسىيىگە بولغان ھۆرمىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ جۇڭگودىن كەلگەن ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلار بىلەن بىرگە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش ئارزۇيۇمنى ئىنگلىزچە سۆز ۋە ئىشارەتلەر بىلەن بىلدۈردۈم. ئۇلار خۇشاللىق بىلەن ماقۇل كۆردى. شۇنىڭ بىلەن بىز خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق. بۇ كۈنى نيۇ ـ يوركنىڭ ھاۋاسى شۇۋىرغانلىق ۋە سوغۇق ئىدى، سىم ـ سىم يامغۇر ئارىلاش قار يېغىۋاتاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، «ئەركىنلىك ئىلاھىيىسى» ھەيكىلىنى زىيارەت قىلىشقا بارىدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. «ئەركىنلىك ئىلاھىيىسى» ھەيكىلى ئالدىدا تۇرۇپ ئويلىدىمكى، فرانسۇزلار ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن، ئۇلار «ئەركىنلىك ئىلاھىيىسى» ھەيكىلىنى ئامېرىكا مۇستەقىللىقىنىڭ 100 يىللىقىغا ئاتاپ سوۋغا قىلىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن ئامېرىكا خەلقىنى خۇش قىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتكۈل دۇنيا خەلقى ئالدىدا فرانسىيە ئوبرازىنى بىر ئابىدە قىلىپ تىكلەپتۇ.

چۈشتىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش شتابىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. مانغاتتۇن ئارىلىغا ئورۇنلاشقان بۇ باش شتابنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 72 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، كاتىبات باشقارمىسى 39 قەۋەتلىك خىزمەت بىناسىدا ئىش بېجىرىدىكەن. ب د ت شتابى بىناسى ئالدىدىكى سەينادا ئىككى نەرسە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدىكەن: چاك كەتكەن گلوبۇس ۋە زاتۇرى قايرىۋېتىلگەن تاپانچا.

ETHNIC UNITY

ئالدىنقىسى ئۇرۇش زەخمىسىگە ئۇچرىغان دۇنياغا: كېيىنكىسى دۇنيا تىنچلىقىغا سىمۋول قىلىنغان بولسا كېرەك. مەن بۇلارنى سۇرەتكە تارتىۋالدىم ھەم خاتىرە سۇرەتكە چۈشتۈم. بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ بىنا ئىچىگە كىردۇق، زالنىڭ تېمىغا ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ سۇرەتلىرى چاپلانغانىكەن. بۇ، دۇنيانىڭ كۆپ مىللەتتىن ھاسىل بولغانلىقىغا سىمۋول قىلىنغان بولسا كېرەك. ئۇقۇشىمىزچە، ب د ت نىڭ ئەسلى خىزمەت ئورنى نيۇ - يوركتا ئەمەس ئىكەن. ب د ت يېڭى قۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ ئاساسىي نىزامنامىسىنى ماقۇللاش يىغىنى ئامېرىكىنىڭ سان فرانسىسكو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن. ب د ت نىڭ 1- نۆۋەتلىك يىغىنى 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 2- ئاينىڭ 14- كۈنىگىچە ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، ب د ت رەسمىي خىزمەت قىلىشقا باشلىغان. ئەمما ب د ت نىڭ باش شتابىنى قايسى دۆلەتتە قۇرۇش مەسىلىسى جىددىي تالاش - تارتىش تېمىسى بولۇپ قالغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا زېمىنىدا يۈت دەسسەپ تۇرغىدەك جايغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ب د ت شتابىنى ئامېرىكىدا قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان: ياۋروپا ئەللىرى بولسا جەنۋەنى شتاب ئورنى قىلىپ تاللىغان. ئامېرىكا باشتا نىيىتىنى ئاشكارىلىمىغان، كېيىن ئامېرىكىدا قۇرۇش بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى زۇڭتۇڭى ترومېن بوستۇندا ياكى فىلادېلفىيىدە قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان.

ب د ت شتاب ئورنىنىڭ نيۇ - يوركتا قۇرۇلۇشىغا كىچىك روكفېللېر سەۋەبچى بولغان: روكفېللېر نامراتلار رايونىدىكى قىممىتى 8 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يارايدىغان زېمىنىنى ۋە مانغاتتۇننىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قۇشخانا ئورنىنى ب د ت تەشكىلاتىغا ھەدىيە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، 1946- يىل 2 - ئاينىڭ 14- كۈنى لوندوندا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ب د ت نىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىغىنى: ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىمىز، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش شتابىنى ئامېرىكىنىڭ نيۇ - يورك شەھىرىدە قۇرىمىز دەپ قارار ماقۇللىغان. 1950- يىلىدىن ئېتىبارەن، نيۇ -يوركتىكى ب د ت نىڭ باش شتابى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇپ، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىلىرىدە مۇئەييەن رول ئويناپ كەلمەكتە.

ب د ت نىڭ باش شتابىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، نيۇ- يوركنىڭ ئەڭ ئاۋات سودا كوچىسى بولغان ۋال- سترىت كوچىسىغا دۇكان ئارىلاشقا چىقتۇق، ھەممىمىز ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلىپ، سائەت 5 تە بەلگىلەنگەن جايغا يىغىلىپ، ماشىنا بىلەن مېھمانخانىغا قايتماقچى بولدۇق. بىر يېرىم سائەت ئۆچۈرىسىدە ماگىزىنلارنى كۆردۇق، ماللار ھەقىقەتەن ئېسىل ئىكەن، ئەسلىدىكى تەسەۋۋۇرۇمنىڭ تەتۈرىسىچە، بۇ يەردىكى ماللارنىڭ باھاسى بىز كۆپ ئارىلىغان لوس - ئانژېلېستىكىدىن ئەرزان ئىكەن. لوس - ئانژېلېستا، بىزگە يول باشلىغۇچىنىڭ خوتۇنى لى خېنىم بىزگە ئەرزان مال ئېلىپ بېرىمەن دەپ، ھەر بىرىمىزنىڭ 500 ـ 600 دوللاردىن



ئاپتور ب د ت باش شتاب بىناسى ئالدىدا (ئارقا كۆرۈنۈشتە زاتۇرى قايرىلغان تاپانچا)



ئەلب چىرىغى: كۆپ ئاڭلا، ئاز سۆزلە، ھەر بىر ئادەمنىڭ تەنقىدلىرىنى قوبۇل قىلغىن، ئەمما ئۆزۈڭنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمىنى ساقلاپ قال. — شېكسپىر

پۇلىمىزنى سۇغۇرۇۋېلىپ، «ئالياسكا بېلىق مېيى»، «جىگ خۇاسۇ (ۋىتامىن E يۇز مېيى)» قاتارلىق دۆلىتىمىزدە ئەتىۋار نەرسىلەرنى ئېلىپ بەرگەنىدى. نيۇ ـ يوركتا كېلىپ باھاسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ھەر بىرىمىزنى خېلى بەك قويۇۋېتىپتۇ. باھادا زىيان تارتقىنىمىزنى بىلىپ، ھەممىمىزنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، ئاچچىق يۇتۇپ يۈردۇق. نيۇ ـ يورك دۇكانلىرىدا ياپونىيىدە ئىشلەنگەن فوتو سۈرەت ئاپپاراتى، كامېرا ئاپپاراتى قاتارلىق كىشىلەر كۆپ ئالىدىغان ماللارنىڭ باھاسى جۇڭگودىكىگە قارىغاندا نەچچە مىڭ يۈەن ئەرزان تۇختايدىكەن. بىزنىڭ بىرنەچچە سەپەردىشىمىز لوس ـ ئانژېلىستا 500 دوللارغا كامېرا ئاپپاراتى سېتىۋېلىشقانىدى، نيۇ ـ يوركتا شۇ خىلدىكى ئاپپاراتنى 350 ـ 400 دوللارغا ئالغىلى بولىدىكەن. تۇرقى يېپيېڭى ئەمما بىرەر قېتىم ئىشلىتىلگەن ئىككىنچى قول ئاپپاراتلارنى 200 ـ 300 دوللارغىمۇ ئالغىلى بولىدىكەن. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى سەپەرداشلىرىمىز زىيان تارتقىنىنى ھېس قىلىپ، تېخىمۇ شۈكلەپ كېتىشتى. بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئاز دېمەپ، كەچتە يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ھەممىمىزنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى: بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، بەلگىلەنگەن جايغا يىغىلغىنىمىزدا، ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزدىن بىر كىشى كەم چىقتى. بۇ ئاۋات كوچىدا ماشىنىنى ئۇزاق توختىتىشقا بولمايتتى. بىزگە يول باشلىغۇچى يوقاپ كەتكەن كىشىنى ئىزدەپ بېقىشىمىزنى تاپىلاپ قويۇپ، ماشىنىنى ھەيدەپ كەتتى. چۈنكى بۇ ئاۋات كوچىدا ماشىنا ئۇزاق توختاپ قالسا، ئامېرىكا ساقچىلىرى ئېغىر جەرىمانە ئالىدىكەن. يوقاپ كەتكەن ئادەمنى ئىزدەش دېگىنىمىز يىڭنە ئىزدەشكە باراۋەر ئىش ئىدى. ھېلىقى جۇڭگودىن كەلگەن ئېنگلىز تىلى ئوقۇمايدىغان كىشى ئىكەن، تىل بىلمەيدىغان كىشى بولسىمۇ، بۇ قىستا ـ قىستاڭ كوچىدا كەلگەن يېرىنى تېپىپ بارالىشى قىيىن ئىدى. بىز 1 سائەت ساقلاپ بېقىپ، ئىلاجسىز ھالدا مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدۇق. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ھەر خىل غۇلغۇلىلار بولۇندى. بەزىلەر بۇ ۋەقەنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ۋەقەلەرگە باغلاپ، «قاچقۇنلۇق» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تەھلىل قىلىشتى. ئەگەر بۇ كىشى تېپىلمىسا، ئەتىسى ۋاشىنگتونغا قاراپ يولغا چىقىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، دۆلىتىمىزدە، چەت ئەلگە چىقىپ قايتىپ كەلمەسلىك چوڭ مەسىلە ھېسابلىناتتى.

بۇگۈن ئامېرىكىدا 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرى ئىدى، ئېلىمىز جۇڭگودا بولسا، ئاللىقاچان 1997 ـ يىل يېڭى يىلىنىڭ 1 ـ كۈنى ئىدى. مەن كەچتە نيۇ ـ يوركتىن ئۆيگە تېلېفون بېرىپ، بالا ـ چاقامنىڭ يېڭى يىلىنى مۇبارەكلىدىم ھەم كېسەلچان ئوغلۇم دىلمۇرات بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدىم. ئۇ مېنىڭ ئامېرىكىنىڭ نيۇ ـ يورك شەھىرىدىن تېلېفون بېرىپ ئەھۋال سورىغىنىمدىن تولىمۇ خۇش بولدى. مەيلى بىز دۇنيانىڭ نەرىگە بارايلى، ئاجايىپ ـ غارايىبلارنى كۆرەيلى، ئالەمشۇمۇل لەززەت ـ ھۇزۇرلاردىن بەھرىمەن بولايلى، يەنىلا ئائىلە مېھرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نەرسە يوق.

ئۆز ئېلىمىزدە، ئۆز ئۆيىمىزدە بولغان بولساق، پۈتۈن ئائىلە ياكى دوست ـ ئاغىنىلەر يېڭى يىل ئاخشىمىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەن بولاتتۇق، ھېچبولمىغاندا، تېلېۋىزوردا يېڭى يىل قوڭغۇرىقى چېلىنىشىنى كۈتۈۋېلىپ، ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ يېڭى بىر يىلىنى مۇبارەكلەپ، بىر ـ بىرىمىزگە يېڭى يىلدا يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، يېڭى ئامەتلەرنى تىلىگەن بولاتتۇق. ھالبۇكى، بۇگۈن نيۇ ـ يوركتا «قېچىپ كەتكەن» ئادەمنىڭ غېمىنى يەپ، ئاچچىق يۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇق. ئادەمنىڭ كەيپى ساز بولمىسا، بايراممۇ بايرامدەك بولمايدىكەن. ئەتىسى نېمە ئىشلار يۈز بېرەر دېگەن غەم بىلەن، بۇ كېچىنى كۆڭۈلسىز ئۆتكۈزدۇق. ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتا ھەممىمىز غەمدىن خالاس بوپتۇق: چۈنكى ھېلىقى «قاچقۇن» كېچىسى بىر ئاماللارنى قىلىپ، تاكسى كىرا قىلىپ، قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئەسلىدە مەقسەتلىك قېچىپ كەتمەپتىكەن، بەلكى يىغىلىدىغان ۋاقىتنى خاتا ئاڭلاپ قېلىپ، ئۆزى يالغۇز ماگىزىن ئارىلاپ، «سەپتىن چۈشۈپ قالغان» ئىكەن. ئۇ، ئەتىگەنلىك تاماقتا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ھەممىمىزگە ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

نيۇ ـ يورك ۋاقتى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە (جۇڭگو ۋاقتى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى) بۇ دۇنياۋى مەشھۇر شەھەردىكى ئالدىراش زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ماشىنا بىلەن ۋاشىنگتونغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

قەلب چىرىغى: كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەت ئۇلارنىڭ بىلىمى بولىدۇ. ــ لىزوف



# قەيسەر ئىرادە، شانلىق مۆجىزە

(تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى دوكتورئاشتى ئابدۇرېشىت ياقۇپ توغرىسىدا)

● ئابدۇكېرىم راخمان ●

*ئەقىل قاتلىمى خۇددى تاغۇ - تاشلارنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان مەدەنگە ئوخشايدۇ، پەقەت بىستون تاغلارنى تىرنىقى بىلەن پارچىلاپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالايدىغان پەرھات كەبى روھىي قۇدرەت بولغاندىلا تاش - تۇپراق ئارىسىغا يوشۇرۇنغان زەر ئالتۇنغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشمۇ خۇددى شۇنداق مۇشكۈل - جاپالىق ئەجىر بىلەن روياپقا چىقىدۇ. بوز توپلىق سەھرادا ئۆسكەن ئاددىي بىر دېھقان بالىسىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا مۇشۇنداق قىممەتلىك روھ تەبىئىي تۇرغاچقا تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ دوكتورئاشتى شەرىپىگە مۇشەررەپ بولغان.*

* * *

ئادەتتىكى بىر دېھقان بالىسىنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە دۇنيا ئىلىم - پەن مۇنبىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، دۆلىتىمىزدە ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم تەتقىقات ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشى ھەممىدە بۇ ساھەدىكى ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان — «دوكتور ئاشتى» شەرىپى بىلەن تارتۇقلىنىشى ھەرقانداق كىشىنى تەسىرلەندۇرمەي قالمايدۇ. چۈنكى بۇنداق يۈكسەك شان - شەرەپ ھەممە كىشىگە نىسىپ بولۇۋەرمەيدۇ، بەلكى ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئىلىم - پەن ئىشقىدا ئوت - تىنىمسىز ئۆگىنىشكە ۋە ئىشلەشكە جۈرئەت قىلالايدىغان قەيسەر ئىرادىلىك كىشىلەرلا ئۇنىڭغا مۇشەررەپ بولالايدۇ.

ھەممە كىشىدە ئۆزىگە يارىشا ئەقىل - ئىدراك بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «قەيسەر ئىرادىلىك كىشى» بولۇپ كېتەلىشى ناتايىن. چۈنكى ئەقىل قاتلىمى خۇددى تاغۇ - تاشلارنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان قىممەت باھالىق مەدەنگە ئوخشايدۇ، پەقەت بىستون تاغلارنى تىرنىقى بىلەن پارچىلاپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالايدىغان پەرھات كەبى روھىي قۇدرەت بولغاندىلا تاش تۇپراق ئارىسىغا يوشۇرۇنغان زەر ئالتۇنغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشمۇ خۇددى شۇنداق مۇشكۈل جاپالىق ئەجىر بىلەن روياپقا چىقىدۇ.

بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىنىڭ رىقابەتلىك سەھنىسىدە پۈت تىرەپ تۇرۇش ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىنمۇ قىيىن، ئەلۋەتتە. سىلىۋىزاتسىيىدىن (مەرىپەت دەۋرى) بۇرۇن سېھرىگەرلىك شۇ دەۋرنىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى ئىلىم - پېنى» ھېسابلانغاچقا، ئادەتتىكى سېھرىگەرلەرمۇ باشقىلارنىڭ نەزەرىدە «ئىلاھ» دەپ قارالغان. بۈگۈنكى دەۋر ئىنسانلىرى «ئىلاھ»نى ئىنسان (بارلىق)غا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت مەۋجۇدىيەتچىلىك نىشانىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشكە ۋە ئىختىرا قىلىشقا مۇھتاج بولماقتا.

تېخى نام - شەرىپى جەمئىيەتكە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان ئابدۇرېشىت ياقۇپ ئاشۇنداق يۈكسەك نىشانىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، پۈتۈن ئىشقى بىلەن ئىلىمگە تەلپۈنگەن قەيسەر ئىرادىلىك ياش ئەزىمەتلەرنىڭ بىرى. ئابدۇرېشىت

ETHNIC UNITY

ياقۇپ 1964- يىلى 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يوپۇرغا ناھىيىسىدە تۇغۇلدى. ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ 1980- يىلى يۇقىرى نومۇر بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. خەنزۇ تىلىدىن ئەسلىدە ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان بۇ دېھقان بالىسى ئالىي بىلىم يۇرتىدا 4 يىل جاپالىق ئۆگىنىپ، ئىزچىل ھالدا «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، «مۇنەۋۋەر سىنىپ كادىرى» بولۇپ باھالىنىپ مەكتەپنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى. 1983- يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالاندى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ يازغان «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ گراماتىكىلىق رولى»، «گراماتىكا ئوقۇتۇشى لوگىكا، ئىستىلىستىكىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى [illegible]ك» قاتارلىق 3 پارچە ئىلمىي ماقالىسى ۋە 40 نەچچە پارچە ھەر خىل ژانىردىكى تەرجىمە ئەسىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. 1984 - يىلى ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن بۇ ئۈمىدلىك ياش ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ ئانا مەكتىپىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندى. ئېغىر بېسىق، تىمكىن تەبىئەتلىك بۇ ياش ئاسىستلىق مەزگىلىدىلا چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تۇنجى ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى «ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە سۆزلىشىش قوللانمىسى»نى تۈزۈش ۋە تەھرىرلەشكە قاتناشقانىدى. ئۇ خىزمەتكە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ، ئالىي مەكتەپنىڭ تىل ئوقۇتقۇچىسى بولغۇچىنىڭ چوقۇم كۆپ خىل تىل بىلىش زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغاچقا، خەنزۇ تىلى بىلەن بىر قاتاردا ئىنگلىز تىلى قاتارلىق چەت ئەل تىللىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە قەتئىي بەل باغلىدى. ئۇ بىر يىل ئىچىدىلا ئىنگلىز تىلىدىن دەسلەپكى ئاساس ياراتتى. تىلشۇناسلىق بويىچە ئەڭ يۇقىرى بىلىم ئۇچىقى- ئاسپىرانتورىيىدە تەربىيىلىنىشنى ئۇ تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ياخشى ئارزۇ - غايە ئىجتىھاتلىق ئادەمگە يۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ-قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ، قەلبى ئىلىمگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن تولغان ئابدۇرېشىت ياقۇپ: «ئەجەبا، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆزىگە يات بولغان بۇ مۇھىتتا بىر يىل ئىچىدىلا ئۇيغۇر تىلىنى خېلى پۇختا ئۆگىنىپ، بىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشەلەيدىغان تىل ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايدىكەن. نۇ، بىز نېمىشقا ئۇنداق قىلالمايمىز، بىزنىڭ ئۇلاردىن زادى قەيرىمىز كەم؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە كەسكىن سوئال قويدى ۋە ئۇ ھەر ۋاقىت مۇرەككەپ ۋە ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا باشقا تىللارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەن ۋە تەرجىمشۇناسلىقتا ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتقان بۈيۈك بۇددا مۇتەپەككۇرى كومىراجىۋا، نام - شۆھرىتى دۇنياغا تارالغان تەرجىمشۇناس سىڭقۇسەلى توتۇڭ، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇت قەشقەرى قاتارلىق ئەجدادلىرىنىڭ ئۆچمەس روھىنى ئەسلەپ، ئۆزىدە جۇشقۇن كەيپىيات، قەتئىي ئىرادە ۋە ئىشەنچنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جاپالىق ئۆگىنىشنى راھەت ھېس قىلىدىغان ئالىي مەكتەپنىڭ بۇ «بالا مۇئەللىمى» بىر يىل ئىچىدە ئىنگلىز تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، 1985 - يىل 9 - ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىغا ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىندى. ئاسپىرانتورىيىدە 3 يىل ئوقۇش جەريانىدا ئېلىمىزدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك بېرىپ، جاپالىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېلىمىزدىكى تۈركىي تىللار جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتلىرى بويىچە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولۇۋالدى. 1988 - يىل 6 - ئايدا «جۇڭگو تۈركىي تىللىرىدىكى پېئىل تۈسلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» دېگەن تېمىدا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ، تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى ۋە ماگىستىرلىق شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خىزمەت ئورنىغا قايتقان بىرنەچچە يىل جەريانىدا بىر تەرەپتىن فاكۇلتېت ئىلمىي ئىشلار كاتىپى ۋە سىنىپ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىلگىرى - ئاخىر «تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «ئومۇمىي لوگىكا»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «تۈركىي تىللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «ئۇرخۇن - يېنسەي يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئاساس» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى. ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ئۇنى

ETHNIC UNITY

ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان كىشى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئادەتتىكى سەۋىيىدىن يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، 21- ئەسىرنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىگە يۈزلىنىش قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرغاچقا، ئۇ ئېزچىل ھالدا چوڭقۇر قاتلاملىق تىل تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھادە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر تىلى بويىچە سىنخرونىك تەتقىقات» سەرلەۋھىلىك 3 پارچە ئىلمىي ماقالىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا (1 - دەرىجە تۇرغۇزۇلمىغان)، ئۇرخۇن يېزىقىدىكى «ئونگىن مەڭگۈ تېشى» ناملىق ماقالىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 10 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۆگەنگەنسېرى ئۇنىڭ ئۆز كەسپىگە بولغان قىزغىنلىقى ۋە بىلىم تەشنالىقى شۇنچە كۈچىيىپ باردى. ئۇ خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۇيغۇر تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا تېخى سىرى ئېچىلمىغان نۇرغۇن بوشلۇقنىڭ بارلىقىنى، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلالايدىغان يۇقىرى ئىقتىدارلىق قوشۇن بولۇش لازىملىقىنى بارغانسېرى ئېراپلىق چۈشىنىپ ئۆزىنى مۇشۇ يولغا بېغىشلاشقا ئاتلاندى ۋە 1993 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركلوگىيە كەسپىگە يۇقىرى نەتىجە بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئوقۇيدىغان ئاسپىرانت بولۇپ قوبۇل قىلىندى. ئۇ ئېلىمىزنىڭ خەلقئاراغا تونۇلغان ئاتاقلىق تۈركولوگىيە ئالىمى پروفېسسور گېڭ شىمىڭ ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەلەپچانلىق بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، 1996 - يىل 5 - ئايدا «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى ۋەسىقىلىرىنىڭ تىلى ئۈستىدە سىنخرونىك تەسۋىرىي تەتقىقات» ناملىق ئىنتايىن قىيىن بولغان 250 مىڭ خەتلىك دىسسېرتاتسىيىسىنى خەنزۇ تىلىدا ياقلاپ، ئالىملارنىڭ يۇقىرى باھاسى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ تۈركولوگىيە تەتقىقاتى جەھەتتىكى بىگى ۋە ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى چەت ئەللىك كەسپداشلارنىڭ قىزىقىشىنى ۋە دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن كەمتەر ۋە مەسئۇلىيەتچان بۇ ياش ئالىمنى چەت ئەل ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە ئاكادېمىيىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىشتى. ئۇ دوكتورلۇق ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىلا بىر قېتىم گېرمانىيىنىڭ بامبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىل، تارىخ، مەدەنىيەت فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى كلائوس كرايسېرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مەزكۇر فاكۇلتېتتا 3 ئاي ئۇيغۇر تىلى بويىچە لېكسىيە سۆزلەش، دەرسلىك ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسى تۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ خىزمەت مىقدارىنىڭ ئېغىر بولۇشىغا قارىماي، بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بىر تەرەپتىن نېمىس تىلىنى جىددىي ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن دەم ئېلىش كۈنلىرىنى گېرمانىيىدىكى مۇزېي ۋە كۇتۇپخانىلاردا ئۆتكۈزۈپ، بۇ دۆلەتتە ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭغا جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا ئائىت قىممەتلىك تارىخىي يادىكارلىقلار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلار بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقتى ھەمدە ئېلىمىزدە تېخى مەلۇم بولمىغان بىر قىسىم ئەھمىيەتلىك ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ ۋەتىنىمىزگە ئېلىپ كەلدى.

1995 - يىل 8 - ئايدا دانىيە كوپېنھاگېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆتكۈزۈلگەن «ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» تېمىسىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنغا قاتنىشىپ «ئالتاي تىللىرىدىكى ئۇزۇن تاۋۇشلارنىڭ نۆتۈق ئېقىمىدا قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى ئۈستىدە تەھلىل»، «ئۈرۈمچى ئېغىز تىلى ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىرىگە نەزەر» ناملىق ئىككى پارچە ماقالىسىنى ئىنگلىز تىلىدا ئوقۇپ، ئالىملارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

1996 - يىل 6 - ئايدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئابدۇرېشىت يەنە ئانا مەكتىپىگە قايتىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. شۇ يىلى 9 - ئايدىن 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە يەنە بىر قېتىم گېرمانىيە بامبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتتى ۋە مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېت تەشكىللىگەن «دۇنيا كۆز

تىكلىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا ئالىملىرى ئىلمىي يىغىنىدا «جۇڭگودا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى تەتقىقاتىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. 11 ـ ئايدا بېرلىن ئازاد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى باراباراا كېلنېر ھاينىكېللىي خانىمنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا «شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىرى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە ئوقۇدى.

1997 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ئاكيوشى كىدا ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئالتاي تىللىرى بويىچە تىپلوگىيىلىك تەتقىقات ـ تىرىك ئالتاي تىللىرى ئاساسىدا» دېگەن تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشتى.

چەت ئەللەر بولۇپمۇ ياۋروپا ئەللىرى ۋە ياپونىيىنىڭ ئىلىم ئورگانلىرى ئىلىم ـ پەنگە ناھايىتى ئەستايىدىل ۋە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى، بىۋاستە تەتقىقاتنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت متودولوگىيىلىك پرىنسىپقا قەتئىي ئەمەل قىلىدىغانلىقى، خەلقئارا ئىلمىي ئۇچۇرلارغا بەكمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقى ۋە ئۈلگىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى ياراتقۇچىلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە ماھىرلىقى بىلەن خاراكتېرلەنگەچكە، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش يولىنى كەڭ ئاچقان بولۇپ، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيەتكە ئىشكىنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى تەبئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئوخشاشلا تەتبىقلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى دۇنيا فىلولوگىيە پەنلىرى تەتقىقاتىدا قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرى بولغان ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتىدا بوشلۇق خاراكتېرلىك نەتىجىلەر يارىتىۋاتقان بۇ ئىستىقباللىق ياش ئالىمنى خەلقئارا تەتقىقات تورلىرىنى بىرلىكتە ئىشلەشكە ئارقا ـ ئارقىدىن تەكلىپ قىلىشتى. ئۇ 1997 ـ يىل 1 ـ ئايدا ياپونىيە پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت مىنىسترلىكىنىڭ دوكتور ئاشتى ئۇنۋانى بويىچە چەت ئەللىك ئالاھىدە تەتقىقاتچىلار مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ياپونىيىنىڭ كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور ئاشتى سالاھىيىتىدە دوكتورلۇقتىن كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى «دوكتور ئاشتى» بولۇپ تونۇلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ھەر تەرەپلىمە ياردىمى ئاستىدا، ئەمدىلا 34 ياشقا قەدەم قويغان بۇ ياش ئالىم كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن دۆلەتلىك تەتقىقات تورىنى بىرلىكتە ئىشلەش ئۈچۈن 1997 ـ يىل 9 ـ ئايدا 1 يىللىق مۇددەت بىلەن ياپونىيىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ھازىر خەنزۇ ۋە ئىنگلىز تىلىدا يېزىش، سۆزلەش، ئوقۇش، ياپون تىلىدا ھەم ئوقۇش ھەم سۆزلەش، رۇس ۋە نېمىس تىلىدا كەمپىي ماتېرىياللاردىن بىمالال پايدىلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ قالدى. بوز تۇپىلىق سەھرادا ئۆسكەن بىر ئاددىي دېھقان بالىسىنىڭ بۇنداق كۆپ خىل خەلقئارا چوڭ تىللارنى ئۆگىنىش جەريانىدا قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇ پۈتۈن زېھنىنى، ۋاقتىنى، ئىقتىسادىنى ئويۇن ـ تاماشىغا، يەپ ـ ئىچىشكە، قۇرۇق پاراڭغا ئەمەس، ئۆگىنىشكە، ئىزدىنىشكە، ئالغا ئىلگىرىلەشكە، بىلىم ئىگىلەشكە قاراتتى ـ دە، ئۇنىڭ كۆپ خىل تىللارنى ئۆگىنىشتىكى مەقسىتى خۇددى ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك: دۇنيانىڭ يېڭى ئىلىم ـ پەن ئۇچۇرلىرىدىن ئۇزۇلمەي، ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى جانلاندۇرۇپ مەملىكەت سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.

دەرۋەقە، ئۇ شۇنداق قىلدى. تۇنجى قېتىم گېرمانىيىگە قىلغان سەپىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىگە ئاتاپ، كۆزگە غەيرىي كۆرۈنگەن سوۋغات بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئورنىغا كۆپ خىل ئىقتىدارلىق، ئەڭ ئىلغار كومپيۇتېردىن بىرنى سېتىۋېلىپ كەلدى. تېز ئارىدىلا بۇ كومپيۇتېرنىڭ ئىشلىتىلىش قانۇنىيىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىن تەتقىقات قورالى سۈپىتىدە ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە ئاكادېمىيىلىرى بىلەن ئىلمىي ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش تورىنى قۇرۇپ، كومپيۇتېرلىق «EL» ئالاقە سىگنالى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ئىلغار ئىلمىي ئۇچۇرلىرىدىن كۈنلۈكى

قەلب چىرىغى: ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىش ـــ ھاياتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى. ـــ لېۋ. تولستوي

دېگۈدەك خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان بولدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ كومپيۇتېرى ھەم قەلەم، ھەم سىياھ، ھەم تېلېفون ۋە فاكس ماشىنىسى بولۇپ خىزمەت قىلدى. ئۇ ئەنە شۇنداق زامانىۋى تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن بىرقانچە يىل ئىچىدە ئاجايىپ مۇرەككەپ ھېسابلىنىدىغان بىرقانچە تەتقىقات تېمىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا نەتىجىلىك ئورۇندىدى. 1993 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى باشقۇرۇشىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى — «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ تىلى ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات»نى نەتىجىلىك تاماملاپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ - بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزدى. 1993 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە «شىنجاڭ سالارلىرىنىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق مەكتەپ دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىنى نەتىجىلىك ئىشلەپ پۈتتۈردى. 1996 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ياردەمدىكى «ئۇيغۇرشۇناسلىق» تەتقىقات تېمىسىنىڭ «ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق تارماق تەتقىقات تۈرىنى پروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندى بىلەن بىللە تاماملىدى (خەنزۇچە، 200 مىڭ خەت). 1994 - 1996 - يىللىرى گېرمانىيە بامبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن دوكتور مىخائىل فرىدرىخ بىلەن بىللە «ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى ۋە ئەمەلىيىتى» ناملىق تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەپ گېرمانىيىدە نەشر قىلدۇردى. 1996 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىنغان 700 مىڭ خەتلىك «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى»نى تۈزۈشكە قاتناشتى ۋە كىتابنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇرچە تېكىستىنى ئۆزى يالغۇز تاماملىدى.

1997 - يىلى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان «جۇڭگودىكى تۈركىي تىللار ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق 650 مىڭ خەتلىك ئىلمىي ئەسەرنىڭ يېرىمى، تەقلىدىي يۈز قىسمى بولۇپ 200 مىڭ خەتلىك قىسمىنى يالغۇز يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ ھازىر «دۇنيادىكى مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناسلار»، «ئۇيغۇر مانى دىنى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» (ياپون تىلىدىن تەرجىمە قىلغان) ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى ۋەسىقىلىرى» قاتارلىق 3 كىتابى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. دوكتور ئاشتى ئابدۇرېشىت ياقۇپ يۇقىرىقىدەك يىرىك تەتقىقات تۈرلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنداش بىلەن بىللە يەنە ئىنگلىز تىلى، نېمىس تىلى، ياپون تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا 50 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە ۋە تەقرىزىي ماقالە ئېلان قىلدى.

ئۇ ھازىر خەلقئارا مانى دىنى تەتقىقات جەمئىيىتى، خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق جەمئىيىتى، خەلقئارا ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى، خەلقئارا شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى.

قىسقىغىنە بىرقانچە يىل ئىچىدە ئابدۇرېشىت ياراتقان بۇ ئىلمىي نەتىجىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش قارىماققا ئادەتتىكى ئىشتەك بىلىنسىمۇ، ئۇنى ئىشلەش جەريانىدا قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى پەقەت مۇشۇ خىل ئىلمىي ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولغان ئىلىم ئەھلىلىرىلا چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. چۈنكى، «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ» - دە!

بىز سەگەكلىك بىلەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىمىز كېرەككى، ئۈمىد بىلەن تولغان كەلگۈسى 21 - ئەسىر تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش رېئاللىقىغا ئايلانغان ئۇچۇر دەۋرىدۇر. بۇ دەۋر بىزدىن تەپەككۇرىمىزنى قانائەتلەندۈرۈپ «ئەقلىي مىللەت» سۈپىتىدە پەنگە يۈرۈش قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. «ئەقلىي مىللەت» مۇقەررەركى، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان ۋە يېڭى كەشپىياتلارنى ئىختىرا قىلىۋاتقان تىلشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە دوكتور ئاشتى ئابدۇرېشىت ياقۇپقا ئوخشاش بىر تۈركۈم مول ھوسۇللۇق يېڭى ئەۋلاد ياش ئالىملىرىغا مۇھتاج.



(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)



قەلب چىرىغى: ئۈمىد — ھاياتلىقنىڭ جېنى، قەلبنىڭ ماياكى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېتەكچىسى. — گېيتى

# ئارزۇلۇقلار تەقدىرىنىڭ جاۋابكارى كىم؟

● ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراھمان ●

دۇنيادىكى ئەقىللىق مەخلۇقاتلار ئىچىدە، ئۆز بالىسى- پۇشتىنىڭ مەنپەئىتى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۆيۈنمەيدىغان، باش قاتۇرمايدىغان، قايغۇرمايدىغان، ئارزۇ- ئارمان قىلمايدىغانلىرى يوق. ئۇلار ۋاقتى كەلگەندە ئەزىز جېنىنى، جانجان مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىپ، بالىلىرىنى قوغداپ باغرىغا بېسىپ ھىماتىغا ئېلىشىدۇ. جىددىي پەيتلەردە بالىسىنى باغاشلاپ قوغداپ قېلىپ، ئۆزلىرى ھالاك بولىدىغان ۋەقەلەرمۇ ئاز ئەمەس.

ئاڭسىز- ئەقىلسىز دەپ ئەيىبلىنىدىغان ھايۋانلارمۇ بالىلىرىنى ئۆز ۋەھشىيلىكى بىلەن تەڭ باراۋەر بولغان مېھىر- شەپقىتىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق پەرۋىشلەپ تەربىيىلەپ، تەبىئەت دۇنياسىدا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ ئۆز تۇپىغا قوشۇش ئارقىلىق ئاتا-ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. ئاددىيسى، كەپتەرلەرنىڭ باچكىسىنى بېقىشتا قانداق ئەجىر سىڭدۇرىدىغانلىقىنى كۆپ ئادەملەر بىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۆزىمىزنى ئەقىللىق دەيدىغان ئىنسانلارچۇ؟ بىزنىڭ مىللىتىمىزچۇ؟

نۆۋەتتە، مىللىتىمىز ئىچىدىكى كۆپ ساندىكى ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ۋەتەنگە، خەلققە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان ياراملىق ئەزىمەتلەردىن قىلىپ تەربىيىلىمەكتە. ۋەتەن، خەلق ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇماقتا. ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىدىن پەخىرلەنسە، پەرزەنتلەر ياخشى تەربىيىلىگەن ئاتا-ئانىسىدىن، ۋەتەندىن مىننەتدار بولماقتا.

ياراملىق پەرزەنتلەر جەمئىيەتكە، تەبىئەتكە ماسلىشىپ يېڭىلىق يارىتىپ گۈزەل ئەخلاق، باي- باياشاد ماكان قۇرۇش يولىدا پىدائىي بولۇپ مۇناسىپ تۆھپە قوشۇشماقتا.

لېكىن، ئارىمىزدىكى روھىي جەھەتتە زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان بىر قىسىم ئادەملەر ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، بالىلىرىنىڭ ئەدەپسىز- ئېتىقىسىزلىقى، ھۇرۇنلۇقى، يالغانچىلىقى، تەكەببۇرلۇقى، غەيۋەتخورلۇقى، مۇتىھەملىكى، قوپال-تومپايلىقى، قەسەمخورلۇقى، يەم - پاراسەتسىزلىكى، شىجائەتسىزلىكى، نادان، ئەخمەقلىقى، غەيرەتسىزلىكىگە قارىتا مۇناسىپ تەدبىر قوللانماي، ئەكسىچە، «بۇ بالام قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت، قانىتىمغا قانات بولىدۇ»، «ئۆلۈپ كەتسەم چىرىغىم ئۆچمەيدۇ»، «نامىم ئۆچمەيدۇ»، «دۇئاگويۇم تۈگىمەيدۇ» دەپ تونۇپ، ئۆزىنىڭ شەيتان نەپسىنى ئويلاش بىلەنلا مەست بولۇپ كېتىپ، پەرزەنتى قولۇم - قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنى ھاقارەتلەپ، تىللاپ ئۇرۇپ ئاھانەت قىلسا، «خوپ قىلىپسەن» دەيدىغان؛ سىرتتىن ئۆيگە يىغلاپ كىرسە، «مەن سېنىڭ بېيىشىڭگە كېپەك بەرمىدىم، ئۇنىنىڭ ئېقىنى، سۇنىڭ سۈزۈكىنى، گۆشنىڭ سېمىزىنى، تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى، پۇلنىڭ يېڭىسىنى بەردىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە تاياق يېدىم دەپ كىرگۈچى بولما. كۈچۈڭ يەتسە راسا ئۇر، ھەرىكىتىڭ چاقماقتەك، مۇشتۇمۇڭ بازغاندەك بولسۇن. كۈچۈڭ يەتمىسە، يۈز-كۆزىنى تاتىلاپ، ئاغزىڭغا چىققان پەرىنى چىشلەپ ئۈزۈپ ئال» دېگەندەكلەرنى جېكىلەپ، ئۇلارنى بىشەم، ئۇششۇق قىلىپ تەربىيىلىمەكتە؛ ئۆگىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، رىقابەتلىك دۇنيادا پۇت تىرەپ تۇرۇش ئېڭى ئۇلارنىڭ تەربىيە مەزمۇنىغا كىرگىنى يوق.

بىر بۇرادىرىمنىڭ بىر نەپەر «ئارزۇلۇق» ئوغلى بولۇپ قانداقلا يەرگە بارسۇن بوينىغا مىندۇرۇپ ئېلىپ باراتتى. باشقىلارغا «بۇ، مېنىڭ گۆھىرىم، تۇزىماس بەختىم، ئۆچمەس چىرىغىم، ھاسا تايىقىم، ئەنە قاراڭلار، بۇ كۆرۈنۈشى يولۋاستەك، ھەرىكىتى قاپلاندەك ئادەم بولدى. باشقىلار تۈگۈل مەندىنمۇ يانماي تەڭ تۇرىدۇ» دەپ ماختىناتتى ۋە بالىسىنىڭ سۆيمىگەن يېرى، ھەتتا چەكلەنگەن رايونلىرىمۇ

چالا قالمايتتى. دېگەندەك، بۇ «ئارزۇلۇق» مەھەللىمىزدە كوچا زومىگىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى؛ ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىنى تىللاپ، ئۇرۇپ، چىشلەپ ئارام بەرمىدى. ئوقۇتقۇچىسى تەربىيە بەرسە پەرۋا قىلمىدى. تەڭتۇشلىرى بۇ «ئارزۇلۇق»نى كۆرگەندە ئۇنىڭغا يېقىن يولاشتىن قېچىپ ئۆگىنىش، مۇزاكىرە، مەشىق، مەدەنىي پائالىيەتلەردە بىرگە بولمىغاچقا، ئۇ ياۋا كەپتەردەك يالغۇز قالاتتى. باللار ئۇنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭغا «قانجۇق» دەپ لەقەم قويۇشتى. «بۇ ئارزۇلۇق» ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن، ساۋاقداشلىرىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ، مەكتەپتىن 2 قېتىم قوغلاندى. سالا قىلىش، تىلخەت - كاپالەتنامە بېرىش ئارقىلىق مەكتەپكە قايتا قوبۇل قىلىنىپ 7 يىل ئىچىدە 3 باشلانغۇچ مەكتەپكە ئالمىشىپ ... ئىشقىلىپ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولدى.

ئۇ، ئەمدى قەتئىي ئوقۇمايدىغانلىقىنى، كىمدە كىم ئۇنى قايتا ئوقۇشقا مەجبۇرلىسا، قېچىپ كېتىپ ئۆيگە كەلمەيدىغانلىقىنى دادىسىغا ئوچۇق ئېيتتى. دادىسىدا ئۇنىڭغا ماقۇل بولماي نېمە چارە؟! ئاخىرىدا ئۇنى تىجارەت قىلىشقا قايىل قىلىپ 10 مىڭ يۈەن دەسمايە بىلەن چەرچىن مال دۇكىنى ئېچىشقا قويدى. يىل ئاخىرىدا دۇكاننىڭ ھېساباتىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە 3000 يۈەنلىك سوغۇق تاۋاردىن باشقا 7000 يۈەننىڭ جايى چىقمىدى.

«مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەندەك، «ئارزۇلۇق» دادىسىغا: «دۇكان دېگەن ئۆلمەي تۇرۇپ گۆرگە، جىنايەت سادىر قىلماي تۈرمىگە كىرگەنگە ئوخشاش يەر ئىكەن، ئەگەر يەنىلا دۇكان ئاچ دېسەڭ، خوتۇنۇم ئۈچ تالاق» دېدى ۋە شەرت قويۇپ «ھازىر قول تراكتورىنىڭ كىرىمى بەك ياخشىكەن، تراكتور ئېلىپ بەرسەڭ، بىر يىل ئىچىدە ئانا پۇلىسنى تاپالايمەن، ئىككىنچى يىلدىن باشلاپ تراكتور بىزگە قېلىپ، قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ بولىدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى.

دادا بولغان بىچارە ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ بانكىدىن 10 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، ئۆيدىكى قوي-كالىلىرىنى سېتىپ 14 مىڭ يۈەنگە يېڭى تراكتوردىن بىرنى ئېلىپ بەردى. يېرىم يىل ئۆتكەن بولسىمۇ تراكتور چىقىمى بار، كىرىمى يوق ئاپەتكە ئايلىنىپ قالدى: بىر كۈنى بۇ ئوغۇل قاتناش قائىدىسىگە دىققەت قىلماي، بىر ئات ھارۋىسىنى سوقۇۋېتىپ، ھادىسىدە ئۆلگەن 3000 يۈەنلىك ئات ۋە ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولغان دېھقاننىڭ داۋالىنىشى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن قول تراكتورىنى ساتقان بولسىمۇ پۇلى يەتمىدى.

ئىلگىرى بازارغا ئوخشايدىغان بۇ بۇرادەرنىڭ ئائىلىسى مانا ئەمدى مازارغا ئايلانغاندى.

بۇ «ئارزۇلۇق» 2 ئايدەك ئۆيدىن چىقماي-دىغان موللا مۈشۈكلۈك ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگەندە چىقار دېگەندەك، يامان ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەن خۇمارى قاتتىق قوزغىلىپ، لۈكچەكلىك، ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن قانۇن تورىغا چۈشتى. دادىسى ئۇلۇغ بىلەن سارالىق ئارىلىقىدا يۈرىدىغان گومۇش بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى بۇرادىرىم: «ئوغلۇمنىڭ جىنايەتچىسى مەن! ئەمدى تونۇگەشتىم... ھەممە تۈگىدى» دەپ كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ «ھەممە تۈگىدى» دېگەن سۆزىگە كۆڭلۈمدە قوشۇلمىدىم. «ئارزۇلۇق» تەربىيىلىنىپ چىققاندىن كېيىن تەجرىبە-ساۋاقنى يەكۈنلەپ ئىشنى يېڭىدىن قايتا باشلىسا بولىدىغۇ، ئادەمدە غايە بولۇشى لازىم ئەمەسمۇ؟ پەيتنى تۇتۇش كېرەك ... دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ تۆۋەندىكى بىر كۇبلىت ھېكمەت سىڭگەن شېئىرى ئېسىمگە كەلدى:

كۆنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ ئۆتكىنى ئۆتكەن،
ياشلىق باھارىڭنىڭ كەتكىنى كەتكەن؛
ۋاقتىتىن ھەسسەڭنى يۇلۇپ ئالمىساڭ،
ئەڭ ئېسىل نەرسەڭنىڭ يىتكىنى يىتكەن!

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ).

ETHNIC UNITY

## قەدىر- قىممەت

دۆلىتىمىزدىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇخبىرلار ئەترىتى مەكتەپ ئىچىدە «ئادەمسىز گېزىت سېتىش بوتكىسى»نى ئاچقان، ۋىۋىسكىغا «كۆڭۈللۈك گېزىت، بىرى 20 پۇڭ، پارچە پۇل تاشلاپ قويۇپ ئېلىڭلار» دەپ يېزىپ قويۇلغان.

دەسلەپكى كۈنلەردە، ئوقۇغۇچىلار ئاڭلىق ھالدا پۇل تاشلىغان، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەر كۈنلۈكى گېزىتنى ئېلىپ، پۇل تاشلىمايدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيگەن. ئەترەتتىكىلەر خۇرسىنغان ھالدا: «ئەسلىدە بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەدىر- قىممىتىنى تىكلەپ، مەدەنىيەتلىك كىشىلەردىن بولۇشنى تەشەببۇس قىلماقچىدۇق. ئويلىمىغان يەردىن بۇ بوتكا مەكتەپ ئىچىدىكى ئەڭ مەدەنىيەتسىز ئورۇنغا ئايلىنىپ قالدى» دېگەن.

دەرۋەقە، ئادەم ئۆز ئىززەت- ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانىكەن، ئۇنىڭغا ھەرقانچە قەدىر - قىممەت ئاتا قىلىنسىمۇ، ئۇ بەرىبىر قەدىرلىمەيدۇ، پەقەت ئۇزۇن يىللىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىگەن ئادەملا تاسادىپىي ھالدا كېلىپ قالغان بايلىق ئالدىدا قەدىر- قىممىتىنى ھەرگىز يوقاتمايدۇ.

(«تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن)

## ئەپچىل ئوخشىتىش

بىر ئادەمنىڭ كەمچىلىكى خۇددى مايمۇننىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ، مايمۇن زوڭزىيىپ ئولتۇرغاندا قۇيرۇقى كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن دەرەخكە ياماشقاندا، ھەممە يېرى ئاشكارىلىنىدۇ. بىراق ئۇنىڭ قىزىل كاسىسى، ئۇزۇن قۇيرۇقى يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى كۆرۈنىدىغان يېڭى ئالامەت بولماستىن، ئەزەلدىنلا بار نەرسە.

دۇنيادا مۇنداق ئىككى خىل ئادەم بار: بىر خىلى ، بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئېلىپ، ئاۋۋال ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ يەيدۇ؛ يەنە بىر خىلى بولسا ئەڭ ياخشىلىرىنى ئەڭ ئاخىرىدا يەيدۇ. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا بىرىنچى خىل ئادەم ئۈمىدۋار كېلىدۇ؛ چۈنكى ئۇ قولىدىكى ئۈزۈملەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ يەيدۇ. ئىككىنچى خىل ئادەم چۈشكۈن كېلىدۇ؛ چۈنكى ئۇ قولىدىكى ئۈزۈملەرنىڭ ئەڭ ناچارلىرىنى تاللاپ يەيدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، سەۋەبى، ئىككىنچى خىل ئادەمنى ئۈمىد- ئارزۇ كۈتۈۋالسا، بىرىنچى خىل ئادەمدە قۇرۇق ئەسلىمىلا قالىدۇ.



(«تەرمىلەر» دىن ئۆزگەرتىپ ئېلىندى)

ETHNIC UNITY

## تۇرمۇش

ئورفات (ئافغانىستان)

دۇ وخشاش بىر ئېرىقتىكى سۇ. بەزىلەر ئۇنى ئالتۇن كاسىدا، بەزىلەر ساپال قاچىدا ئۇسسۇپ ئىچىدۇ. ئالتۇن كاسىمۇ، ساپال قاچىمۇ يوق كىشىلەر بولسا قوللىرىدا ئوچۇملاپ ئىچىدۇ.

سۇدا ھېچقانداق پەرق يوق. ئۇنىڭدىكى پەرق پەقەت سۇ ئۇسسۇيدىغان سايماندا. قەلەندەر بىلەن پادىشاھنىڭ پەرقى ئەنە شۇ سۇ ئۇسسۇيدىغان «قىلچا»دا.

پەقەت ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتقان كىشىلەرلا سۇنىڭ تاتلىقلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. قۇملۇق كېزىپ ئۇسسۇزلۇق ۋە ھارغىنلىقنى يەتكۈچە تارتقان سەيياھ سۇنىڭ لەززەتلىك تەمىنى ھەقىقىي تېتىيالايدۇ.

چىڭقى چۈشنىڭ ئاپتىپىدا يەر تېرىپ، چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەن دېھقانلار سۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

يەنە بىر خىل كىشىلەر باركى، ئۇلار سالقىن يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ نەپىس جاملاردا قانچە يۇتۇم سۇ ئىچسىمۇ، سۇنىڭ تاتلىقلىقىنى تېتىيالمايدۇ.

بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇلار سەيياھتەك ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتمىغان. دېھقاندەك قاق چۈشتە يەر تېرىپ باقمىغان. شۇڭا ئۇلار سۇنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلمايدۇ.

مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىسە، تاماق ۋە سۇنىڭ لەززىتىنىلا ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنىمۇ بىلەلمەيدۇ.



(«ماتېرىياللار»دىن ئازراق ئۆزگەرتىپ ئېلىندى)

## كىشىلىك تۇرمۇشتىكى رەقەملەر

دۇ ادەم 2 ئىش ئۈچۈن ياشايدۇ: ئۈ- ئۈمىد ۋە سۆيگۈ.

سۆيگۈ 2 خىل بولىدۇ: سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش.

كىشىلىك ھاياتتا 3 خىل گۈزەللىك بولىدۇ: گۈزەل ياشلىق، پېتىلگەن قىرانلىق، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش.

ئەرلەر ئېھتىياجلىق بولغان 2 خىل نەرسە: گۈزەللىك ۋە سۆيگۈ.

كىشىلىك ھاياتتا 3 خىل سادىق دوست بار: يولداش، ئىت، نەق پۇل.

كىشىلىك تۇرمۇشتا 3 كاللا بار: تەگرى ئاتا قىلغان كاللا، كىتاب ئاتا قىلغان كاللا، تۇرمۇش ئاتا قىلغان كاللا.

كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەرىكەت قىلىشنىڭ 3 خىل ئامىلى: ئىرادە، خىزمەت، مۇۋەپپەقىيەت.

غەلىبە قىلىشتىكى 3 خىل ئەخلاق: ئىشەنچ، ئۈمىد، ئىجادىيەت.

ئۆلۈمنىڭ 3 خىل ھاسىلاتى: مەڭگۈ يادلىنىش، مەڭگۈ لەنەتلىنىش، مەڭگۈلۈك ئۇنتۇلۇش.

(«ئائىلە - تۇرمۇش» گېزىتىدىن ئەخمەتجان ئەلى تەرجىمە قىلىپ تەۋسىيە قىلغان)



ھېكمەت: ئىمكانىيەتدىن ئاز خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئىنساننىڭ ئارزۇسى، زادىلا خاتالىق ئۆتكۈزمەيمەن دېيىش پەرىشتىلەرچە خام خىيال. — گيوگو (ئىمىن ھاشىم . ت)

## بالدۇر قېرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغان 7 خىل يېمەكلىك

خاسىڭ: خاسىڭنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ تۇرغاندا، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنى ئاشۇرغىلى، مېڭە ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنى ئاستىلاتقىلى بولىدۇ. خاسىڭنىڭ تەركىبىدە قېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق بولغان ئېلېمېنت بار.

ھەسەل ھەرىسى پادىشاھى سۈيۈقلۇقى: چوڭ مېڭىنى غىدىقلاش، مېڭە ئاستى ھىپوفىزىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش، ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھۈجەيرىلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ.

كۈنجۈت: ئۇنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن E مول بولۇپ، ماي پېروكسىدلارنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھۈجەيرىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كېرەكسىزگە ئايلانغان «ئەركىن رادىكال» ماددىلارنىڭ توپلىنىپ قېلىشىنى يوقىتىش ياكى ئۇلارنى نېيتراللاشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ ھاياتىنى ئۇزارتىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئالقات: جىگەر ھۈجەيرىلىرىگە ماي توپلىنىپ قېلىشىنى چەكلەش، جىگەر ھۈجەيرىلىرىنىڭ قايتىدىن تۆرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا ئىگە.

گۈل تۈزىگى: ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ۋىتامىن، ئامىنوكىسلاتاسى قاتارلىق ماددىلارنىڭ دورىلىق ئۈنۈمى ھاسىل قىلىش، قېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىكى تۈپ رولى زور بولىدۇ.

قاتتىق قاسراقلىق يېلىق: ئۇنىڭ تەركىبىدىكى بەزى ماددىلار قان تومۇرلىرىنىڭ قېرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇھىم ماددا ھېسابلىنىدۇ.

چار يىلان: ئۇنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلغاندا، مېڭە ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ، قان تومۇرلىرى قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلىمۇ بولىدۇ.

(دولقۇن تەييارلىدى)

## زۇكام بولغاندا كۆپرەك ئۇخلاپ، ھەرىكەتنى ئازراق قىلىش كېرەك

يېقىندا چەت ئەللەردىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر زۇكامنى داۋالاش توغرىسىدىكى بىر دوكلاتىدا زۇكامنى داۋالاشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى دورا ئەمەس، دەم ئېلىش بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىغان.

كىشىلەر ئۇخلىغاندا بەدەندىكى ئىممۇنىتېت ھۈجەيرىسى ئۆيقىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان، ئادەم بەدىنىنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان، زۇكام بولغۇچىلارغا پايدىلىق بولغان بىر خىل ماددىنى ئىشلەپ چىقىرىدىكەن. زۇكام بولغۇچى قاتتىق ھەرىكەت قىلسا ياكى ئازراق ئۇخلىسا، ھېلىقى ماددىلارنىڭ ئىشلىنىشى ئازىيىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بەدەننىڭ قارشىلىق كۈچى تۆۋەنلەپ، ۋىرۇسلار ئاسانلا كىرىۋالىدىغان بولۇپ قالىدىكەن ھەتتا كېسەل بولۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىۋېتىدىكەن ۋە ئۆپكە كېسىلى، يۈرەك مۇسكۇلى ياللۇغى قاتارلىق بىرمۇنچە كېسەللەرنى پەيدا قىلىدىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكلىپىچە، زۇكام بولغۇچىلار قىزىپ بەدەن تېمپېراتۇرىسى 37.5 C بولغاندا ياكى تولا يۆتەل تۇتۇپ، بەدەنلىرى تېلىپ-سىرقىراپ ئاغرىپ كەتكەندە، ئۆگىنىش، خىزمەتتىن توختاپ، 3 ـ 2 كۈن تولۇق دەم ئېلىپ، قىزىتما يانغاندىن كېيىن ياكى زۇكام ئالامىتى تۈگىگەندىن كېيىن يەنە ئىشلەش كېرەك ئىكەن. دەم ئېلىش مەزگىلىدە يېتىش ئاساسلىق ئورۇننى تۇتۇشى، ئۆيدە ياكى تاشقىرىدا بىردەم، بىردەم مېڭىپ يۈرسىمۇ بولىدىكەن. ھەر كۈنلۈكى 10 سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئۇخلاش بىلەن بىللە كۆپرەك سۇ ئىچىپ بېرىشى، ئاسانراق ھەزىم قىلىنىدىغان ۋە ئوزۇقلۇقى مولراق بەزى يېمەكلىكلەرنى يەپ تۇرۇشى كېرەك ئىكەن. شۇنداق قىلغاندا سالامەتلىكى ئاسانراق ئەسلىگە كېلىدىكەن.

(زمىتۇنە توختى تەييارلىدى)

ETHNIC UNITY

## ئۇخلاشنىڭ توغرا بولۇشى سالامەتلىككە پايدىلىق

ئامېرىكا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىدىكى دۆلەتلەردە يېقىنقى مەزگىللەردە يالىڭاچ ئۇخلاش تەشەببۇس قىلىنماقتا ھەمدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشمەكتە. چۈنكى، كىيىم بىلەن ئۇخلاش سالامەتلىككە پايدىسىز بولىدىكەن. ياپونىيىلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ بىر دوكلاتىدا ئىسپاتلىنىشىچە، % 60 نى تەشكىل قىلىدىغان ئاياللار كېسەللىكى كىيىم بىلەن ئۇخلاشقا مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. چۈنكى بەدەنگە چىڭ يېپىشىپ تۇرغان ئىچ كىيىملەر ئاياللارنىڭ قورساق، چاتراق قاتارلىق قىسىملىرىنى بېسىپ تۇرغاچقا، قىسمەن جايلارنىڭ ھاۋا ئالمىشىشى قىيىنلىشىپ، تەر چىقىرىۋېتىشنى توسالغۇغا ئۇچراتقانلىقتىن، تەرەت يوللىرى يۇقۇملىنىش، جىنسىي ئەزاسى قىچىشىش ھەتتا ھامىلدار بولماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىكەن. ئەرلەرنىڭ بولسا جىنسىي ئەزاسىنى بېسىش، چاتراققا يېقىن چاپلىشىپ تۇرۇش سەۋەبىدىن، ھارارەت بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىش، ئىسپېرما ئىشلەش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ قېلىش نەتىجىسىدە پەرزەنتلىك بولۇش ئىقتىدارىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىكەن. يالىڭاچ ئۇخلىغاندا، يۇقىرىقىدەك ناچار تەسىرلەر كېلىپ چىقمايدىكەن، يەنە كېلىپ بوغۇملار ئاغرىش، چارچاش، ھارغىنلىق ئالامەتلىرىنى داۋالاش رولىمۇ بار ئىكەن.

(ياسىن ھاۋازى تەييارلىدى)

## غىزادىن كېيىنكى 7 قىلماسلىق

1. **تاماكا چەكمەسلىك.** ئادەم غىزالانغاندىن كېيىن ئاشقازان ھەرىكىتى كۈچىيىپ، قان ئايلىنىشى تېزلىشىدۇ. ئۇ چاغدا ئادەمنىڭ ئىس - تۈتەكنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ئەڭ ياخشى ھالەتتە تۇرغان بولىدۇ. تاماكىدىكى زەھەرلىك ماددىلار تېخىمۇ ئاسانلا ئادەمنىڭ بەدىنىگە كىرىۋالالايدۇ ۋە ئادەم بەدىنىگە زىيان سېلىش رولىنى ئۆتەيدۇ.

2. **مېۋە يېمەسلىك.** بىرمۇنچە ئادەملەر، غىزادىن كېيىنلا مېۋە - چېۋە يېسە ھەزىم قىلىشقا پايدىلىق دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە غىزادىن كېيىنلا مېۋە - چېۋە يېگەندە ئاسانلا قورساق كۆپۈپ كېتىدۇ. چۈنكى مېۋە تەركىبىدە شېكەرلىك ماددىلار بولۇپ، شېكەرلىك ماددىلار ئاشقازاندا توسۇلۇپ قالسا قورساق كۆپۈپ قەۋزىيەت بولۇپ قالىدۇ.

3. **بەلۋاغنى بوشىتىۋەتمەسلىك.** غىزادىن كېيىن ئىشتانباغنى بوشىتىۋەتكەندە قورساق بوشلۇقىدىكى بېسىم تۆۋەنلەپ، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتى كۈچىيىپ، ئۈچەي يولى توسۇلۇپ قېلىش ۋە ئاشقازان تۆۋەنلەپ كېتىشنى پەيدا قىلىدۇ.

4. **دەرھال چاي ئىچمەسلىك.** چاي تەركىبىدىكى بىر خىل ماددا يېمەكلىكتىكى ئاقسىلنى قېتىشما ھالەتتىكى ماددىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ ھەزىم قىلىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

5. **«تاماقتىن كېيىن 100 قەدەم مېڭىشنى» قىلماسلىق.** ئادەم غىزاغا تويغاندىن كېيىن يېمەكلىكلەرنىڭ ھەزىم بولۇپ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئىچكى ئەزالار سوزۇلۇپ كېڭىيىپ تومۇرلارغا قان تولۇقلاپ بېرىدۇ، ئاشۇنداق پەيتتە «100 قەدەم مېڭىش» ئادىتى داۋاملاشقاندا، ھەرىكەت كۆپىيىپ، قان بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرىغا يۆرۈشۈپ كېتىپ قېلىپ، ھەزىم قىلىش يوللىرىنىڭ ئوزۇقلۇقنى قوبۇل قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

6. **دەرھال يۇيۇنماسلىق.** غىزادىن كېيىنلا يۇيۇنغاندا، ئۈچەي يوللىرىدىكى قان ئايلىنىش مىقدارى ئازىيىپ كېتىپ، ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ.

7. **دەرھال ئۇخلىماسلىق.** غىزادىن كېيىنلا ئۇخلىغاندا، يېگەن نەرسىلەر ئاشقازان ۋە ئۈچەيدە توختاپ قېلىپ، دېگەندەك ھەزىم قىلىنماي قالىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئاشقازان ۋە ئۈچەي يوللىرى كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ.

شەيتان لۇغەت: نەسىھەت قىلغۇچى — ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان پرىنسىپلارنى باشقىلارغا ئۆگىتىشكە ئامراق ئادەم.

## دوكتورئاشتىلىق تۇزۇمىنىڭ كېلىپ چىقىشى

د وكتور ئاشتىلىق تۈزۈمى دەسلەپتە 2ـدۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىدا شەكىللەنگەن، كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا ياۋروپاغا ۋە ياپونىيىگە كېڭەيگەن. دوكتورئاشتىلىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى يېڭىدىن دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن دوكتورلارنى زېھنىي قۇۋۋىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تېما بويىچە چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىلىك تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا ۋە پەن ئاتلاپ كەڭلىككە قاراپ تەتقىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ يېتەكچىلىك رولى ۋە ئاشۇ يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىغا ئالاقىدار پەنلەرنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

دوكتور ئاشتىلىق تۈزۈمى بىلەن دوكتورلۇق تۈزۈمىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ. دوكتورلۇق ئاسپىرانتى ئۇستازىنىڭ ئىلمىي ماقالە ئېمىسىنى ۋە يۆنىلىشىنى تاللاپ بېرىشىگە تايىنىدۇ، ئۇنىڭ تەتقىقاتىدا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇستازىنىڭ كۆزقارىشى ۋە پىكرىنى ئېلىپ تۇرۇشى ھەمدە شۇ ئاساستا ئىش كۆرۈشى كېرەك، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇستازىنىڭ تەتقىقات يولىغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ؛ دوكتور ئاشتىلىق تۈزۈمدە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى، زور تەتقىقات تېمىلىرىنى مۇستەقىل ھالدا ئۆزئالدىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارىنى ۋە پەن-تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئايرىم زاپاس قوشۇننى مۇستەقىل ئۇيۇشتۇرۇش ئىقتىدارىنى پۇختا ۋە مۇستەھكەم ئاساستا راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك.

(ياسىن ھاۋازى تەييارلىدى)

## بەش نىمە ئۈچۈن

1. نىمە ئۈچۈن ئەرەنچە كىيىمنىڭ تۈگمىسى ئوڭ پەشكە، ئايالچە كىيىمنىڭ تۈگمىسى سول پەشكە قادىلىدۇ؟

كۆپلىگەن كىشىلەر ئوڭ قولنى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەچكە، تۈگمە ئوڭ پەشكە قادالغاندا ئۇنى يېشىش ـ ئېتىش ئوڭاي بولىدۇ. تۈگمە كەشىپ قىلىنغان دەسلەپكى چاغلاردا باھاسى قىممەت بولغاچقا، ئاساسەن دۆلەتمەنلەر ئىشلەتكەن. دۆلەتمەن خېنىملارنىڭ دېدەكلىرى خوجايىنىنىڭ كىيىم كىيىشىگە ياردەملەشكەندە ئوڭ قولى بىلەن تۈگمىنى ئېتىشكە ئاسان بولۇش ئۈچۈن، تىككۈچىلەر تۈگمىنى سول پەشكە قادىغان. بۇ ئۇسۇل بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشماقتا.

2. نىمە ئۈچۈن ھاراق ئىچىشتىن بۇرۇن قەدەھ سوقۇشتۇرۇلىدۇ؟

بۇرۇنقى كىشىلەر: بايرام كۈنلىرى ئالۋاستى ـ شاياتۇنلارنى ھەممىلا جايدا قۇتراپ يۈرىدۇ، بىراق ئۇلار قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا قورقۇپ تىكىۋېتىدۇ، دەپ قارىغان. شۇڭا، كىشىلەر ئۆزئارا قەدەھ سوقۇشتۇرغاندا چىققان «جاراڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئالۋاستى ـ شاياتۇنلارنى قوغلىغان.

3. يىگىت تويدا نىمە ئۈچۈن قىزنىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرىدۇ؟

ئىلگىرىكى زامانلاردا نۇرغۇن يىگىتلەر قوشنا يېزىدىن قىز ئەپقېچىپ كېلىپ ئۆمرىگە ئالاتتى. شۇڭا، توي مۇراسىمىدا قىزنىڭ تۇغقانلىرى ياكى يامان غەرەزلىكلەرنىڭ قىزنى بۇلاپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يىگىت قىزنى سول يېنىدا تۇرغۇزۇپ، ئوڭ قولىنى قىلىچتىن ئايرىمايتتى.

4. نىمە ئۈچۈن قېرىنداش ئالتە قىرلىق ياسىلىدۇ؟

ئالتە قىرلىق قېرىنداشنىڭ تەننەرخى يۇمىلاق قېرىنداشتىن ئەرزان چۈشىدۇ، يەنى يۇمىلاق قېرىنداشتىن سەككىزنى ياسىغىلى بولىدىغان بىر پارچە ياغاچتا ئالتە قىرلىق قېرىنداشتىن توققۇزنى ياسىغىلى بولىدۇ. ئالتە قىرلىق قېرىنداش شىرەدىن يەرگە ئاسان دومىلاپ چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

5. نىمە ئۈچۈن بەزى بولكىلار ئاي شەكىللىك پىشۇرۇلىدۇ؟

1683ـيىلى ئاۋستىرىيىلىكلەر ۋېناغا ھۇجۇم قىلغان تۈركىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. بۇ قېتىمقى غەلىبىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ۋېنادىكى بولكىچىلار تۈركىيە بايرىقىدىكى ئاينىڭ شەكلىدە بولكا ياسىغان.

(«ماتېرىياللار»دىن قىسقارتىپ ئېلىندى)



شەيتان لۇغىتى: مۇخبىر ـــ بىكار قالسا ئۆزىدىنمۇ سوئال سوراپ باققۇسى كېلىدىغان ئادەم.

## مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى

ئ ېلېكتىرونىكا ئىنستانسىسى داڭلىق بىر سودىگەرنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ھەققىدىكى پروگراممىغا رىياسەتچىلىككە تەكلىپ قىلدى، ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ تىجارەتتە قانداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى توغرىلىق سۆزلىشىنى كۈتۈپ تۇرسا، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىلەردىن بىر سوئال سوراي، — دېدى، مەلۇم جايدا بىر ئالتۇن كېنى بايقىلىپتۇ، كىشىلەر بەس - بەستە شۇ تەرەپكە يول ئاپتۇ، بىراق يېرىم يولدا بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ، ئەگەر سىزلەر شۇلارنىڭ ئىچىدە بولساڭلار، دەريادىن قانداق ئۆتىسىلەر؟

بەزىلەر، دەريادىن ئايلىنىپ ئۆتىمەن، دېسە، بەزىلەر ئۈزۈپ ئۆتىمەن، دېدى. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، بىر پەس تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— نېمە ئۈچۈن ھەممىڭلار ئالتۇن قازغىلى بارسىلەر، نېمە ئۈچۈن بىرەرىڭلار قېيىق سېتىۋېلىپ، كىرا قىلمايسىلەر؟ — دېدى.

گەرچە بۇ تويلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىغاندەك ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئىش مۇشۇنداق ئاددىي. «باشقىلار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىش، باشقىلار قىلىشنى ئويلىمىغان ئىشلارنى قىلىش». مانا بۇ - مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى.

ئاقىللارنىڭ نەزەرىدە قىيىنچىلىق ھامان يوشۇرۇن پۇرسەتتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بىز ئويلىمىغان ئىشلاردۇر.

(زىمىنۇنە توختى تەييارلىدى)

## سىز قايسى تىپتىكى كىتابخانىغا تەۋە؟

ئەنگلىيىلىك شائىر كلورېس كىتابخانىلارنى تۆۋەندىكىدەك 4 تىپقا ئايرىغان:

بىرىنچى تىپتىكىلەر، ئاقماقۇم سائىتىگە ئوخشايدۇ، ھازىر ئوقۇغىنىنى ھازىر ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئوقۇغان كىتابتىن ھېچنېمە يوقمايدۇ.

ئىككىنچى تىپتىكىلەر، بۇلۇتقا ئوخشايدۇ، ئۇلار شاكىلىنى ئايرىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىشنى بىلمەيدۇ، ھەممىنى قارا قويۇق قوبۇل قىلىدۇ، ھەتتا خاتا نەرسىلەرنىمۇ قوبۇل قىلىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى تىپتىكىلەر، خۇددى سۈزگۈچكە ئوخشايدۇ، ئۇلار شاكىلىنى قالدۇرۇپ، مېغىزىنى قويۇۋېتىدۇ.

تۆتىنچى تىپتىكىلەر، ياقۇت كېنىدىكى ئىشچىلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلار داشقاللارنى ئايرىۋېتىپ، بىر قىسىم ساپ ياقۇتلارنىلا پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ.

(«ماتېرىياللار»دىن ئېلىندى)

## دۇردانىلەر

△ بىر ئۇلۇغۋار ئىدىيىنى تەلتۆكۈس چۈشىنىشكە سەرپ قىلىنىدىغان ۋاقىت ئېھتىمال ئاشۇ ئىدىيە بارلىققا كېلىشكە كەتكەن ۋاقىتقا ئوخشاش ئۇزۇن بولىدۇ.

△ غايە تولىمۇ ئابستراكت نەرسە. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولىدۇ. بىراق، كىمكى دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئېلىشقا تەييارلىنىپ، ھۇجۇمغا ئۆتسە، ئۇنىڭ غەلىبە قىلىش پۇرسىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، ئەكسىچە بولسا مەغلۇپ بولىدۇ، خالاس.

△ قەلبىڭىزنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىڭ، شۇندىلا تېخىمۇ كۆپ يېڭىلىق يارىتالايسىز.

△ ئىدراك ئەقىللىق كىشىلەرنى يېتەكلەيدۇ، بىلىمسىز نادانلارنى قامچىلايدۇ.

△ ھەرقانداق ئىشتا نەتىجە قازىنىمەن دېمەيدىكەنسىز، ئەقىلگە تايانغاندىن كۆرە، جاسارەتكە تايانغان ئەلا.

△ ماھىيەت تاشقى قىياپەتتىن مۇھىم، ئەمما بىر ئىنسانغا قەلب ئۆز تۆۋىنىدە بارلىق نەرسىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ.

△ ھەممىلا كىشى خاتىرىسىنىڭ ناچارلىقىدىن ئاغرىنىدۇ. ئەمما، ھېچكىم ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئاغرىنمايدۇ.

(«نەرسىلەر» دىن ئېلىندى)

شەيتان لۇغەتلىرىدىكىن دوست — سەن لۆلىگىغا لىچكى سىرىڭلى دەپ بەرسەڭ، بۇ سىرلى باشقىلارغا دەپ قويىدىغان ئادەم.

# ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

**سوئال:** مەھەللىمىزدىكى بەزى ئاياللاردىن تۆت ـ بەشى بىر يەرگە جەم بولسىلا ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ياخشى سۈپەت، ياخشى خۇلۇقلىرى توغرىلىق پاراڭلاشماي، ئەكسىچە «پالانى ئاق، پۈستانى قارا، پوكۇنى ئېگىز، پۈستانى پاكار» دېگەندەك غەيۋەت ـ شىكايەتلەرنى قىلىشىپ ئولتۇرىدۇ. ھۆرمەتلىك تەھرىر، سىزنىڭچە مۇشۇ خىلدىكى غەيۋەت ـ شىكايەتچىلەر قايسى ۋاقىتتا غەيۋەت ـ شىكايەتنى ئاز قىلار؟

— تۇرپان شەھىرىدىن: ئەركىن ئابدۇللا

**جاۋاب:** يەر تەۋرىگەندە.

**سوئال:** مۇھەببەت بىلەن دوستلۇقنىڭ پەرقىنى قانداق ئايرىش كېرەك؟

— بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن

**جاۋاب:** ئىپادىلىنىش ۋاقتىغا قاراپ ئايرىلىك. كۆپ ھاللاردا دوستلۇق كۈندۈزى، مۇھەببەت كېچىسى ئىپادىلىنىدۇ.

**سوئال:** ئىلگىرى مەن بازاردا 50 يۈەنلىك، 100 يۈەنلىك ساختا پۇللارنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدىم. يېقىندا يەنە 2 يۈەنلىك، 5 يۈەنلىك، 10 يۈەنلىك ساختا پۇللارنىمۇ ئۇچرىتىپ قالدىم. ھۆرمەتلىك تەھرىر، بۇ خىل جىنايى قىلمىش دۆلەتكە، خەلققە، شەخسلەرگە ھەددى ـ ھېسابسىز زىيان كەلتۈرىدىغان يامان ھەرىكەت تۇرسا، بۇ ساختىپەزلەر نېمە ئۈچۈن ساختا پۇل ياسايدۇ؟

— ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدىن: ئىمىن ھاجى

**جاۋاب:** چۈنكى ئۇ ساختىپەزلەر راست پۇل ياسىيالمايدۇ ـ دە.

**سوئال:** مەن ياشلارغا تولىمۇ ھەۋەس قىلىمەن. قانداق قىلسام ياشلىقىمغا قايتالايمەن؟

— قاغىلىق ناھىيە ئۇششاقباش بازار قۇمباغ مەكتەپتىن ئابلىز ئادىل

**جاۋاب:** جاۋابىڭىزنى تەييارلاپ قويدۇم، ئەمما سىزمۇ مېنىڭ مۇنۇ ئارمانىمغا جاۋاب بېرىڭ: مەن بۈركۈتكە ھەۋەس قىلىمەن، سىزنىڭچە مەن قانداق قىلسام بۈركۈتكە ئايلىنارمەن؟ جاۋابىڭىز يېتىپ كەلگەن ھامان، مەنمۇ جاۋابىمنى سىزگە ئەۋەتەي .

**سوئال:** ھۆرمەتلىك تەھرىر ئەپەندى، بەزىلەر: «قىتىق ناھايىتى پايدىلىق، ئىشتىھانى ئېچىپ، مەيدىنى قۇۋۋەتلەيدۇ» دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: «قىتىق چىشقا تۈە قورساققا زىيانلىق» دەيدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ قايسى بىرىگە ئىشىنەي؟

— غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈزى مەكتەپتىن: ئابدۇللا ئابلەھەت

**جاۋاب:** ئۆيىڭىزدە قىتىق بار بولسا ئاۋۋالقىسىغا بولمىسا كېيىنكىسىگە ئىشىنىڭ.

**سوئال:** ژۇرنىلىڭلارنىڭ «گۈلدەستە»، «مىللىتىمىز ھەققىدە پاراڭ»، «جاھانغا نەزەر»، «بەت ئاستى چىمەنزارى»، «كۈلكە خۇرۇچلىرى»، «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب»، «جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر» قاتارلىق سەھىپىلىرىنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ ئوقۇيمىز. بىر سانىنى ئوقۇپ بولۇپ يەنە بىر سانىنىڭ قولىمىزغا تېگىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمىز. ھۆرمەتلىك تەھرىر، بىزنى بۇنچىلىك تەقەززا قىلغۇچە ژۇرنىلىڭلارنى ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتسەڭلار بولمامدۇ؟

— باي ناھىيە سايرام يېزىسىدىن: تۇنىياز، ئەخمەتجان

**جاۋاب:** تەقەززا قىلغان نەرسە قەدىرلىك بولىدۇ، بىزنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەقەززاسىدىن ئايرىلىپ قالغۇمىز يوق.

**سوئال:** ھۆرمەتلىك تەھرىر، بۇرۇن مەنمۇ سىزگە ئوخشاش بۇرۇت قويغانىدىم، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزۈمچە چىرايىم سەتلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ، بۇرۇتۇمنى بىراقلا چۈشۈرۈۋەتتىم، سىزچۇ؟

— قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە پاختەكلى يېزىسىدىن: ئەركىن ساۋۇت

**جاۋاب:** مېنىڭ بۇرۇنقى چىراي شەكلىم سىزنىڭ ھازىرقى چىراي شەكلىڭىزگە ئوخشاپراق كېتەتتى، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزۈمچە چىرايىم سەتلىشىپ

ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

ETHNIC UNITY

كەتكەندەك ھېس قىلىپ، بۇرۇت قويۇۋالدىم.

**سوئال:** مەن تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى سىلەرگە كۆپلىگەن ھەزىل سوئاللارنى ئەۋەتكەنىدىم، بىراق ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغانلىرىدىن بىرەر پارچىسىنىمۇ كۆرمىدىم. سىلەر بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالمىدىڭلارمۇ قانداق؟

— خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن 96 ـ يىللىق ئۇمۇمىي پەن 1 ـ سىنىپ: ئەلەمنىياز ئەخمەتتوختى

**جاۋاب:** بىز ئۇ ۋاقىتتا جاۋابنى بەرگەنىدۇق، ئاناـ ئانىڭىزنىڭ ئېپىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، سىزگە دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، سوراپ بېقىڭ.

**سوئال:** ئۆتكەن يىلى سىلەر مەخسۇس ئىستون ئاچقۇچىلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ ئىچكىرى جايلاردىكى قەدىمكى شەھەرلەرنى ۋە ھازىرقى تەرەققىياتنىڭ تىپىك نامايەندىسى بولغان بىر قىسىم ئالدىن تەرەققىي قىلغان جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ خېلى ياخشى ئۈنۈمگە (بۇ ھەقتە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر كۆزدە تۇتۇلدى) ئېرىشتىڭلار. مېنىڭچە بۇ پائالىيەت باشقا گېزىت ـ ژۇرناللارغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى، دەپ قارايمەن. ئەمدىكى گەپ سىلەر يەنە بىر ئۆمەك تەشكىللەپ، دۇنيا مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇشقا ئىلگىرىكى پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇرغانغا ئوخشاش يەنە بىر قېتىم باشلامچى بولالامسىلەر؟

— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن: ئابدۇخېلىل

**جاۋاب:** ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا باشقىلار بىزدىن قاتناش، تاماق، ياتاق ھەققى تەلەپ قىلمىسا خوشمۇ باشلامچى بولغۇمىز بارئىدى.

**سوئال:** مەن «پۇل تېپىشنىڭ ئېپى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ نۇرغۇن پۇل تاپتىم، بىراق تاپقان پۇللىرىمنى جايىدا خەجلەشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. سىز ماڭا ياردەم

## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

قىلىپ «پۇل خەجلەشنىڭ ئېپى» دېگەن كىتابنى تېپىشىپ بېرەلەمسىز؟

— پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزىسىدىن: ھوشۇرجان خۇدابەردى

**جاۋاب:** بۇنداق كىتاب ھەممىلا يەردە بار، بىراق سىزنىڭ بۇ كىتابقا ئېرىشكەندىن كېيىن پۇل خەجلەشنىڭ ئېپىنى بىلىۋېلىپ، بىر كېچىدىلا قاقشال بولۇپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەۋاتىمىز. ئۆيدىكىلەر بىلەن ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن خەت يازارسىز.

### جاۋاب بېرىڭ

**(1) سوئال:** مەن سىلەرگە ھەزىل سوئال ئەۋەتەي دېگەنىدىم. بىراق پوچتا ھەققىدىن قىينىلىۋاتىمەن. سىلەر ئاۋۋال قەلەم ھەققىنى ئەۋەتىپ بەرسەڭلار، ئاندىن سوئالىمنى ئەۋەتسەم قانداق؟

— خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن 96 ـ يىللىق ئۇمۇمىي پەن 1 ـ سىنىپ: ئەلەمنىياز ئەخمەتتوختى

**(2) سوئال:** ھۆرمەتلىك تەھرىر، مېنى مەكتەپتىكىلەر «ھەم خىيالىي، ھەم زىيالىي» دەپ تەرىپلەيدۇ. زادى ئىككىسىنىڭ قايسىسى بولغىنىم ئەڭ ياخشى؟

— مۇڭغۇلكۈرە ناھىيە شوتا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن: تۇرغۇنجان ئابدۇسېلىم

**(3) سوئال:** يولداش تەھرىر، بىز بۇرۇن پالانى يەردە ماشىنا ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، 2 ماشىنا ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىساق: «ئادەملىرى ساقمىكەن؟» دەيتتۇق. بىراق ھازىر بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىساق: «ماشىنا ساقمىكەن...» دەپ سورايدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— قەشقەر شەھەر ئۆستەڭبويى كوچا باشقارما گۈلباغ ئاھالىلەر كومىتېتى 2 ـ گۇرۇپپا 20 ـ ئۆيدىن: مۇختەر ئابلىز

(خەمىت نېغمەت تەييارلىدى)

# كۈلكە خۇرۇچلىرى

**مەنمۇ سىناپ كۆرەي دەيمەن**

خوجايىن ئىشخانىغا كىرىپ:

— بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، — دەپتۇ بىر خىزمەتچى دانىشمەنلەرچە مەسلىھەت بېرىپ، — مېنىڭ بېشىممۇ قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋېدى، لېكىن بىردەمدىلا ساقىيىپ كەتتى، چۈنكى خوتۇنۇم مېنى ساپاغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىردەم چېكەمنى قۇچاقلىدى، بىردەم سۆيدى، شۇنداق قىلىپ باش ئاغرىقىم بىر پەستىلا سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى.

خوجايىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شىلەپىسىنى كىيگەچ ئاۋازىنى پەس قىلىپ دەپتۇ:

— بۇ چارىنى سىناپ كۆرەي دەيمەن. خوتۇنىڭىز ھازىر ئۆيىڭىزدىمۇ؟

**سۆيۈشۈپ خوشلىشىش**

بىر ئايال كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرۇشلۇق يېڭى توي قىلغان ئەر - خوتۇنغا قاراپ خاپا بولغان ھالدا ئېرىگە دەپتۇ:

— قاراڭە، جېك ئەپەندى خوتۇنىغا ئەجەپمۇ كۆيىدىكەن، ئۇ ھەر كۈنى ئىشقا مېڭىشتىن بۇرۇن خوتۇنى بىلەن سۆيۈشۈپ خوشلىشىدىكەن، سىز نېمىشقا شۇنداق قىلمايسىز؟!

— ئۇلار يېڭى كۆچۈپ كەلدى ئەمەسمۇ، مەن جېك خانىم بىلەن تېخى تونۇشقىدەك بولمىدىم! — دەپتۇ ئېرى جاۋابەن.

**ئېرىم ئۆيدە**

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىر ئادەم ئۆيىگە كىرىپلا خوتۇنىغا:

— مەيلى كىمدىن تېلېفون كېلىپ مېنى ئىزدىسە ھەممىسىگە مېنى ئۆيدە يوق دەۋەرگىن، — دەپتۇ.

بىردەمدىن كېيىنلا تېلېفون جىرىڭلاپتۇ. خوتۇنى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ:

— ھە، شۇنداق... ئېرىم بار، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم كارىۋاتتىن ئاستا ئۆمىلەپ قوپۇپ، خاپا بولغان ھالدا خوتۇنىغا كايىپتۇ:

— مەن ساڭا مېنى ئۆيدە يوق دېگىن دېمىدىممۇ؟

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ سۆيۈملۈكۈم، — دەپتۇ خوتۇنى، — تېلېفون بەرگەن ئادەم سىزنى ئىزدىمەيدىكەن!

**تاتۇق**

ياش چوكان ئۈچ ياشلىق قىزىغا قورسىقىدىكى تاتۇقنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ: «بۇ دوختۇر يېرىپ سېنى ئالغان ئورۇن» دەپتۇ. بالىسى بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن ئەستايىدىللىق بىلەن سوراپتۇ: «ئەمىسە سەن مېنى نېمىشقا يەۋەتكەندىڭ؟!»

**بالدۇر ماختىۋېتىش**

خوتۇنى: مەن كىچىككە «بايرون» دەپ ئىسىم قويايلى دېسەم، ئاپام مۇنداق قىلساڭ مەشھۇر بىر شائىرنى ھاقارەتلىگەنلىك بولىدۇ دەپ، ئۇنىمىدى. كېيىن مەن ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى قويايلى دېسەم، ئاپام يەنە «ئۇبدان بولمايدۇ» دەيدۇ.

ئېرى: ئاپىڭىز ھەقىقەتەن بەك ياخشى ئايال جۇمۇ!

خوتۇنى: ئاپام مۇنداق قىلساڭ، كىچىكنى ھاقارەتلىگەن بولىسەن، دەيدۇ.

**ئازدۇرۇش**

— مۆزىكىنى ياخشى كۆرىدىغانلار ئالدىغا چىقىڭلار! — دېدى قوماندان بۇيرۇق قىلىپ، ئالتە ئەسكەر دەرھال ئالدىغا چىقتى.

— ناھايىتى ياخشى، ئالتىڭلار مونۇ پىيانىنونى ئالتىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈپ ئەچىقىۋېتىڭلار.

كۈلكە خۇرۇچلىرى

ETHNIC UNITY

## شىركەتلەر قوغلىشىدىغان ئادەم

— ھوي، ماك.
— ياخشىمۇسەن، جېك.
— ئاڭلىسام ئىشتىن بوشىتىلىپسەن. ھال - كۈنۈڭ قانداقراق ئۆتۈۋاتىدۇ؟
— ھەي، 3 — 2 شىركەت مېنى تېزرەك خىزمەت قىلسالا بولاتتى، دەپ ئالدىرىتىپ كېتىۋاتىدۇ.
— بەك ياخشىغۇ! سەن شىركەتلەرنىڭ قوغلىشىدىغان نىشانى بولۇپ قاپسەن-دە. قايسى شىركەتلەر ئۇ؟
— ھە، ئېلېكتىر شىركىتى، گاز شىركىتى، يەنە تېلېفون شىركىتىمۇ بار.
— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاسان كىرگىلى بولمايدىغان شىركەتلەر ئەمەسمۇ! نېمىشقا تېزرەك بىرەرسىنى تاللىمايسەن؟
— خاتالاشتىڭ دوستۇم، مەن توك ھەققى، گاز ھەققى، تېلېفون ھەققى تۆلىيەلمەي ئۇلارغا قەرزدار بولۇپ قالدىم. شۇڭا ئۇ شىركەتلەر مېنى تېزرەك خىزمەت تېپىپ قەرزنى چاپسانراق قايتۇرۇۋەت دەۋاتىدۇ.

## بىر كىت نەچچە پۇل بولار

بىر شىركەت خىزمەتچىسى ماشىنىنى ئېلىپلا ئايالىنى باشلاپ، كاتتا بىر رېستورانغا كىرىپ تاماق يەپتۇ ۋە تاماق يەپ بولۇپ، خوجايىننى چاقىرىپ ھېسابات قىلىپتۇ، خوجايىن ھېسابلاپ چىقارغان تاماق پۇلىنى كۆرۈپ:
— بىر رومكا ھاراققا شۇنچە كۆپ پۇل ئالامسىلەر؟! — دەپتۇ.
— شۇنداق، رېستورانىمىزدا بىر رومكا ھاراقنىمۇ بىر بوتۇلكا ھېسابىدا ساتىمىز، باشقا تۈرلەرمۇ شۇنداق.
ئايالى بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىرايى تاتىرىپ ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قاپتۇ.
بۇنى كۆرگەن ئېرى قورقۇپ كېتىپ، دەرھال:
— نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

— مەن باياتىن بىر پارچە كىت گۆشى يېگەنىدىم، — دەپتۇ ئايالى.

## ئەپچىللىك بىلەن شەرھلەش

— دادا، «كاپىتال» دېگەن نېمە؟ «ئەمگەك» دېگەنچۇ؟
— بۇنى مۇنداق شەرھلەشكە بولىدۇ؛ ئەگەر مەن قوشنىمىزدىن 100 رۇبلى قەرز ئېلىپ تۇرسام، بۇ «كاپىتال» بولىدۇ. ئەگەر قوشنىمىز بىزنىڭ ئۆيدىن ئاشۇ قەرزنى ئېلىپ كېتەلىسە، ئۇ «ئەمگەك» بولىدۇ.

## بەدەنگە ھىم كەلگەن كىيىم

خېرىدار: سىز تىككەن بۇ كىيىم تېرەمدىنمۇ بەك تارئىكەن.
تىككۈچى: تېرىڭىزدىنمۇ تار؟! بۇ مۇمكىن ئەمەس!
خېرىدار: قاراڭ، يالىڭاچ يېتىم ئولتۇرالايتتىم، بۇ كىيىمنى كىيگەندىن كېيىن ئولتۇرالمايۋاتىمەن.

## ئىنەك ئۆزىڭىزنىڭغۇ!

دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى سەتەڭ بىر خېنىمنى باشلاپ ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپتۇ. ئۇلار بىر بوقىنىڭ بىر ئىنەككە ھەدەپ ئارتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. خوجايىن ھېلىقى سەتەڭ خېنىمنىڭ بېلىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ:
— ئۇمىقىم، مېنىڭمۇ شۇنداق قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.
— ھە، نېمىشقا قاراپ تۇرىسىز؟ — دەپتۇ سەتەڭ خېنىم جاۋابەن،
— ئىنەك ئۆزىڭىزنىڭغۇ!

(خەمىت نېمەت تەييارلىدى)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

شەيتان لۇغىتى: قەبرە — بىز ئايرىلساق تالادا قويىدىغان، بىزدىن ئايرىلسا بوش قالمايدىغان تۇلۇپسىز ھۆجرا. (مەمتىمىن ئابلىز. ت)

# كۈنچىقىشتا سەھەر

(چاتما)

● مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ●

## تونۇش پۇراقلار

گۈزەل دالىيەن، پىشىل قىرغاق، نەزەر سالدىم يىراقلارغا،
قەيەردىندۇر تونۇش بىر ھىد يېتىپ كەلدى دىماقلارغا.
دېدى دالىيەن پەرىزاتى: «تەنتەجۇپ ئەيلىمەڭ مېھمان،
زېمىن-ئاسمانغا ئىپاردەك چېچىلغان خۇش پۇراقلارغا.
ئىپار-ئەنبەر چېچىپ تۇرغان «كاۋاپ»، ئاتلىق بۇ مەلھەمنى
بۈيۈك خانتەڭرى ئەۋلادى ئېلىپ كەلگەن بۇ ياقلارغا.
ئاتا قىلدى ھاياتىي كۈچ كاۋاپدان رەستە- يوللارغا،
ھېرىسمەن بىز بۇ مەلھەمنى ياراتقان ئوت-پىراقلارغا.
كاۋاپتۇر راھىتى جاننىڭ، ئەمرى دورا-دەرماننىڭ،
ئۇ بەرگەي نۇر-ھارارەتلەر خىرەلەشكەن چىراغلارغا.»

## پەخىرلىك ئاخشام

ئېچىلدى سەھنىدە بىر گۈل- گۈزەل خانتەڭرى زىباسى،
يۈرەككە سالدى بىر ئاتەش كەرەشمە- نازى، سىماسى.
تەبەسسۇم ئەيلىسە كۆكلەم قۇياشىدەك كۈلۈپ، پارلاپ،
گويا گۈلباغقا ئايلانغاي كۆكگۈلنىڭ دەشتى- سەھراسى.
جىمىكى جۇپ قاناتلىقلار ئۇنىڭ پەرۋازىدىن ھەيران،
تەنتەجۇپ ئەيلىگەي ناۋاسىدىن كۈي-ناخشا دۇنياسى.
چاۋاكلاردىن گويا ھاسىل ئۇلۇغ گۈلدۈرماما -چاقماق،
تومۇرلار يامرىغان، تاشقان قىيانلىق سۆيگۈ دەرياسى!
مۇيەسسەر بولسا بىر سەنئەت بۈيۈك تاجىغا شۆھرەتنىڭ،
نېمىشقا كۈلمىسۇن مەغرۇر ئۇنىڭ شەيداسى، تەشناسى؟!

## كەپتەر

سەممىي -ساپ مۇھەببەتلىك تىكىلدىم ياپپېشىل يەرگە،
يېشىل دۇردۇنغا، مەخمەلگە چېچىلغان ئۈنچە- گۆھەرگە.
گۆھەر- دۇردانىغا، ياق-ياق، پىقىر سەپسالدى، ئاڭلاڭلار:
يېشىل چىملىق ئارا غەمسىز -بىئازار شۇنچە كەپتەرگە.
راۋا كۆرمەيدىكەن يۇمشاق كۆكگۈل، كۆز- قارنى توق ئىنسان
قەپەز، قىلتاقنى كەپتەردەك مۇلايىم يارۇ- دىلبەرگە.
بوۋايلار دېدۇ: «جان نەۋرەم، يېقىن دوست- ھەمرىيىڭ كەپتەر»
مۆھۆر ئۇيىماقتىدۇر گويا سەبىي دىل -روھى مەرمەرگە.
ئۇچار جانىۋارغا ئەرك- ھۆرلۈك، بىئازار، تىنچ ھايات بەرگەن
كۆزى توق خەلق ئۇچۇن يازدىم تەشەككۈرنامە دېپتەرگە.

## بىھاجەتمەن

(بىر سەپەردىشىم رەپىقىسىنىڭ تېلېفون ئاۋازى)

بىھاجەتمەن، تىۋىت، مەشۇت- يىپەكلەرگە بىھاجەتمەن،
ئېسىل قۇندۇز ياقا، گارمون ئېتەكلەرگە بىھاجەتمەن.
سېنىڭ قەلبىڭگە باغلانغان مېنىڭ قەلبىم ئۆمۈرۋايەت،
گۆھەركۆز، زەنجىرى ئالتۇن بۈرەكلەرگە بىھاجەتمەن.
سېنىڭ تەن ساقلىقىڭ، مېھرىڭ -ئەقىدەڭ — بايلىقىم-بەختىم،
گۈزەل شاھانە ئالتۇن تاج- جىيەكلەرگە بىھاجەتمەن.
مېنىڭ راھەت-ئارامىمدۇر سېنىڭ ئوتلۇق سۆزۈڭ -لەۋزىڭ،
ئۆزۈڭ بار، شىرنە -شەربەت، قەنت- گېزەكلەرگە بىھاجەتمەن.
پۈتۈن ئۆمرۈڭدە بىر كېتىۇ بۇ پۇرسەت، سەيلى قىل، ئوينا،
ساڭا ھاجەت ئېرۇرمەنكى، بېزەكلەرگە بىھاجەتمەن.

## تۇغۇلغان يۇرت

ئۇچار دۇلدۇل، كۆكگۈلنىڭ زەر قانات شوڭقارى تېز ئاندىن،
جاھاندا بارمۇ، كىم بىلسۇن، ئېغىرراق نەرسە ھىجراندىن.
بولۇپ كەتسۇن سەپەر- سەيلى كۆكگۈللۈك قانچىلىك مەيلى،
ئۆتەركەن قىز-ئوغۇل، مەھبۇب، رەپىق تەشنالىقى جاندىن.
بىتاقەت- سەۋرىسىز دەيمىز: «نېمانچە ئاستابۇ پويىز؟
ئارامسىز تاغ- داۋان ئاتلاپ كېتىپ قالغانمۇدەرماندىن؟»
«قۇمۇل!» دەپ ياڭرىدى سىگنال، يۈرەكلەر كەتتى تىپچەكلەپ،
جىمى جان لەرزىگە كەلدى گويا بىر سېھرىي ۋولقاندىن.
ئورۇن بەردى جۇدۇنلۇق كۆز تۈنى كۆكلەم سەھەرىگە،
ئەنە، بەرق ئۇردى ئالتۇن نۇر تۇغۇلغان يۇرت قەدىردانىدىن.

## خاتىمە

سامانىڭ پەيزىنى بىلمەس پەلەكتە پەر قېقىپ باقماي،
ئېقىن دەريا ھۆزۈرىنى بىلەر كىممۇ ئېقىپ باقماي.
ھاياتلىق رىزقىنىڭ نەرقى- باھاسىغا يېتەر كىم بار،
سۆيۈملۈك نازىنىن دىلبەر لېۋىگە لەۋ يېقىپ باقماي.
يېتىپ بولغايمۇ تەكتىگە تۈمەن سېھرىي كارامەتنىڭ،
ئىرادە بەلبېغى باغلاپ سەپەر قەنتى چېقىپ باقماي.

1997- يىل 11 - ئاي، دالىيەن
1998- يىل 1- ئاي، ئۈرۈمچى

(ئاپتور: ش ئۇ ئار ئۇيرا تۇمكىدە)

• دالىيەن مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا رەسمىي ۋۇسكا ئىش مۇرل سىمدىكى كۆگۈل ئېچىش كېچىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



# دالیەن تەسىراتلىرى

**● ماخمۇت مۇھەممەت ●**

7 199 - يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى يۇرتىمىز شىنجاڭدا قىش ھەيۋىسى بوسۇغىغىلا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي شىمالنىڭ دېڭىز ياقىلىرى كەچكۈزنىڭ ئاخىرقى يېشىلچىلىقلىرىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ ياتاتتى. مۇشۇنداق بىر مەزگىلدە مەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى مەخسۇس ئىستون يازغۇچىلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە ئىلگىرى ئۆزۈم تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان گۈزەل، پاكىز ۋە ئازادە شەھەر دالیەندە ئۇنتۇلماس بىرنەچچە ئەھمىيەتلىك كۈننى ئۆتكۈزدۈم.

دالیەن بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ئەھمىيەتلىك سەپىرىمىزنىڭ 4 - بېكىتى ئىدى. تارىخىي مىراسلار خەزىنىسى بولغان قەدىمىي شەھەر شىئەننىڭ؛ ئىنقىلابىي مۇقەددەس جاي بولغان جەڭگىۋار شەھەر يەنئەننىڭ ۋە ئىسلاھات، ئېشىكنى ئېچىۋېتىش مۇقەددەس سەپىرىمىزنىڭ بايراقدارى بولغان قاينام- تاشقىنلىق شەھەر بېيجىڭنىڭ؛ ئۆزگىچە تەسىراتلىرى يېنىپ تۇرغان قەلبلىرىمىزدە بىز ھەر دائىم تەرپىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان، كىلىماتى يۇرتىمىز بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان شەرقىي شىمالنىڭ خاسىيەتلىك تۇپرىقىدا بىرنەچچە كۈن زىيارەتتە بولىدىغانلىقىمىزنىڭ شادلىقى ۋە تەقەززالىقى دەممۇدەم ئايان بولۇپ تۇراتتى. راست گېپىمنى قىلاي، شۇ شادلىق ۋە تەقەززالىق ئىلكىدە، 1997 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 9 دىن 44 مىنۇت ئۆتكەندە دالیەن ۋوگزالىغا ئاياغ باسقىنىمدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى 1 سائەت ئىچىدە، (ئاپتوبۇس بىلەن ۋاقىتلىق تۇرالغۇمىزغا كېتىۋاتقاچ سىرتقا سەپسالغىنىمدا) ماڭا دالیەن ئادەتتىكىدەكلا بىر شەھەر، ھەتتا خىلۋەتتىكى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بىر جايدەك بىلىنگەنىدى. ئادەمنىڭ سېزىمى كۆپ ھاللاردا ئەقلىنىڭ قەدىمىگە ئالدىراپ چەك قويىدىكەن. بىزگە ھە دېگەندىلا مۇشۇنداق سېزىمنى ئاتا قىلىشتا قىسمەن رول ئوينىغان، غۇلجىدىكى ئوتتۇراھال مېھمانخانىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان قونالغۇمىزغا جايلىشىپ، يۈز-كۆزىمىزنى يۇيغىچە ۋاقىت چۈشكە تېرەلدى. بىز چۈشلۈك غىزادىن كېيىنلا بېسىق مەشغۇلات تەرتىپىمىزنىڭ تۈنجىسىنى باشلىۋەتتۇق. ئەنە شۇ چاغدىلا يەنى زىيارىتىمىزنىڭ بىرىنچى مەنزىلىگە كېتىۋېتىپلا، دالیەن توغرىسىدا چۈشتىن ئاۋۋالقىدىن كەسكىن پەرقلىق كۆزقاراش ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم...

بىز كۆرگەن تۈنجى ئورۇن ــــ «مۇقەددەس ئاسىيا سودا دۇنياسى» دالیەن زېمىنىنى چەمبەرسىمان يۆگەپ تۇرغان پايانسىز ۋە ھەيۋەتلىك دېڭىزنىڭ شەھەر مەركىزىگە ئەڭ يېقىن بىر قىرغىقىغا جايلاشقانىدى. بۇ جايغا كەلگۈچە بىز بارغانسېرى جىملىقتىن غۇلغۇلىغا، سالقىن قانلىقتىن ھاياجانغا تەگلا ئۆتتۇق. سەۋەبى بىز ئولتۇرغان ئاپتوبۇس تار ۋە ئەگرى- توقاي، بەزى يەرلىرى داۋانەك سېرىلما كوچىلارنى بىرمۇبىر تاشلاپ ئۆتۈپ، بارغانسېرى كەڭ، تۈپتۈز، ئىككى چېتى فرانسىيىنىڭ سوغۇققا چىدامىلىق چىنارلىرى ۋە رەڭگارەڭ بەلگە كۆسەتكۈچلەر بىلەن بېزەلگەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا «ئۇچقىلى» تۇردى. كۆز ئالدىمىزدىن لىپىلداپ ئۆتۈۋاتقان بىرسى بىرسىگە ئوخشىمايدىغان رەڭ،



دالیەن شەھىرىنىڭ مەركىزىي مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش

ETHNIC UNITY

ئۇسلۇب ۋە ھەجىمدىكى بىنالار دىققىتىمىزنى تەگلا جەلپ قىلىۋالدى. شالاڭ بىنالارنىڭ ئارقا تەرىپى تۇتاش ياپيېشىل چىملىقتىن ئىبارەت بولۇپ، يىراقتا چاقناپ ياتقان كۆپكۆك دېڭىز، ئېگىزلىككە پارلىغان زەڭگەر ئاسمانغا قوشۇلغان يېشىلچىلىق ئادەمنى ئىختىيارسىزلا خىيالىي بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا چۆمۈلدۈرەتتى. شۇ مىنۇتتىن تارتىپ تاكى بىز دالىيەندىن ئايرىلغىچە بولغان 4 كۈن ئىچىدە تەرەققىيات ۋە مەدەنىيلىكنىڭ تاشقى سىماسى بولغان بۇ گۈزەل مەنزىرە: يېشىل چىمەنلىك، پايانسىز دېڭىز، كەڭ، ئازادە مۇھىت؛ بىز چەت ئەل فىلىملىرىدە تولا كۆرىدىغان غەيرىي ئىمارەت، داچىلار شۇنىڭدەك شەھەر مەركىزىدىكى تىنچلىق ۋە دوستانە ئىناقلىقنىڭ ئەلچىسى بولغان كەپتەرلەر بىزگە ئايرىلماس ھەمراھ بولۇپ قالدى.

ماگا دالىيەندە ئەڭ زور تەسىر قىلغىنى بىز يۇرتىمىز تەرەپتە چۈشىمىزدىمۇ كۆرەلمەيدىغان، دېڭىز ياقىسى رايونلىرىغا خاس ئاجايىبات - غارايىباتلار (مەسىلەن: «مۇقەددەس ئاسىيا سودا دۇنياسى»دا بىز مەخسۇس زامانىۋى قۇرۇلما بىلەن دېڭىز ئاستىغا چۈشۈپ چىدامىلىقلىقى قالتىس كۈچلۈك ئەينەك تام ئارقىلىق بېشىمىز ئۈستىدىلا كۆرۈنۈپ، يان-يانلىرىمىزدا ئۇيان-بۇيان غۇيۇلداپ ئۆتۈپ بىمالال ئۈزۈپ يۈرگەن تۈمەن خىل دېڭىز جانلىقلىرى؛ ئالاھىدە كۆرگەزمە زاللىرىدا غەيرىي- غەلىتە، كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ئۇششاق چوڭ مەخلۇقاتلار) ئەمەس، ياكى زامانىۋى كاتتا شەھەرلەرنىڭ بەلگىسى، كۆركى بولغان، ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان ئېسىل سورۇنلار (مەسىلەن: چۆچەكلەردىكىدەك سىرلىق، ئاسمان-پەلەك ئەينەك بىنالار، قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان ھەيۋەتلىك، ئالىي دەرىجىلىك مېيخانىلار، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئۆتىنىڭ بىرى دەپ تونۇشتۇرۇلغان، بىر بېلىتى 125 ئامېرىكا دوللىرى بولغان ئاجايىپ كۆركەم ۋە ئازادە، جىمىكى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى تولۇق گولف توپ مەيدانى، 1997- يىللىق دالىيەن خەلقئارا كىيىم-كېچەك يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلگەن، بىنالىرىنىڭ لايىھىلىنىشى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان، ئوچۇقچىلىقتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان غايەت چوڭ كۆرەك مەيدانى بار پائالىيەت مەركىزى ۋە باشقىلار)مۇ ئەمەس، بەلكى مۇشۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىز كەلگەن تەرەپلەر بىلەن ئاسمان-زېمىن پەرقى بولغان ئىسلاھات تەرەققىياتى ۋە زامانىۋى يېڭىلىقلار بولدى.

دالىيەندە كۆرگەنلىرىم ماگا ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى رايونلىرى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتىنى مۇجەسسەملەندۈرگەندەك بولدى. 1991-يىلى ئۆگىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن گۇاڭدۇڭغا بارغىنىمدا گۇاڭجۇ، شېنجېن، جۇخەيلەردىكى تەرەققىياتنى، يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈمدە ئاپىرىن ئوقۇغان ۋە «يۇرتىمىز بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز ئىكەن» دەپ ئويلىغانىدىم. ئارىدىن 6 يىل ئۆتۈپ مەندە بۇنداق ھاياجان ۋە قايىللىق تۇيغۇلىرى قايتىدىن ئۇرغۇپ، كۆڭۈل ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدى. ماگا بۇ ھاياجان ۋە تۇيغۇنى شەرقىي شىمالدىكى مەرۋايىت — دالىيەن ئاتا قىلغانىدى.



ئاپتور دالىيەن شەھىرىدىكى يېشىل مەيداندا

ETHNIC UNITY

دالىيەننىڭ ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغان ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ تولىمۇ تەبىئىي گۈزەللىككە، ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتقا، ئۆزگىچە مۇھىتقا ئىگە يۇرت ئىكەن. دېڭىز ياقىسىدىكى بۇ مۇنبەت تۇپراق خۇددى غايەت چوڭ بىر تاختا ئاق قەغەزگە ماھىر رەسسام تەرىپىدىن كۆركەم، ئازادە، بىمالال، تارتىملىق قىلىپ سىزىلغان نادىر رەسىمگە ئوخشايتتى. يەنە كېلىپ بۇ رەسىمدىن ئاجايىپ رومانتىك تۇس ۋە تۇيغۇ ئۇرغۇپ تۇراتتى. دالىيەن ھەقىقەتەن چوڭ شەھەر ئىكەن. بىز دالىيەندە تۇرغان ئاشۇ 4 كۈندە ئاساسەن ئاپتوبۇس سەپىرىلا قىلدۇق. بىر زىيارەت نۇقتىسىدىن يەنە بىر زىيارەت نۇقتىسىغا يەتكىچە كۆپ يول باساتتۇق. بىر قېتىم ماڭغان يولدىن ئاسانلىقچە قايتا يۈرمەيتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ دالىيەننىڭ زېمىنىنى تۈگەل ئايلىنىپ، كۆرۈپ بولالىغىنىمىز يوق. بىرلا مىسال كەلتۈرەي: 11-ئاينىڭ 22-كۈنى بىز دالىيەن لۈشۈنكۇ پورت رايونىغا باردۇق ۋە لۈشۈن مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. دائىرىسى 506 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، ئاھالىسى 210 مىڭ بولغان بۇ پورت رايونى 1945- يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى لۈشۈن شەھىرى قىلىپ قۇرۇلغان. 1960- يىلى لۈشۈن پورت رايونى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇنىڭدىن دالىيەن شەھىرىنىڭ چوڭلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس.

يەنە دالىيەننىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدا سۆزلەي، دالىيەننىڭ 3 تەرىپى ئۆتاش كەتكەن دېڭىز بويى بولسىمۇ، بىز توختاپ ئۆتكەن، كېتىۋېتىپ كۆرگەن نۇرغۇن جايلارنىڭ ئوخشاش دېڭىز، ئوخشاش يېشىلچىلىق، ئوخشاش يول، تۆپىلىك، ئىمارەتلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قاراپلا پەرق ئېتىۋالغۇدەك ئوخشىماسلىقلار، ئۆزگىچە ئەۋزەل پەرقلەر بار ئىدى. ھەر بىر ساياھەت نۇقتىلىرى تەبىئىي شارائىتقا بويسۇندۇرۇلۇپ ئۆزگىچە، غەيرىي ياسالغان ياكى بېزەلگەن بولۇپ، ئادەم دالىيەندىن كەتكەندىن كېيىنمۇ ئاشۇ جايلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز خاسلىقى بويىچە كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

دالىيەندە ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغان ئىككىنچى ئىش، بۇ يەردە يەن - تېخنىكىنىڭ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانلىقى بولدى. دالىيەندىكى كۈنلىرىمىزدە بىز بارغانلا يېرىمىزدە ئىلىم - پەن ھېكمىتىنىڭ قۇدرىتىدىن ھاسىل قىلىنغان مۆجىزە، يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ، ھېس قىلىپ تۇردۇق. بۇنداق تۇيغۇ دالىيەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىدىكى ئەڭ يېڭى تېخنىكا تورى بىلەن قاپلانغان، جابدۇلغان بىنالار، سىستېمىلار ۋە ئۈچجۈر ئەسلىھەلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان مەشغۇلات سورۇنلىرىدا دەمبۇدەم كۆڭلىمىزنى ھاياجانغا سېلىپ تۇردى. 11-ئاينىڭ 21-كۈنى دالىيەن مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلۇش ۋەزىيىتى مۇراسىمغا قاتناشقان، بولۇپمۇ ئەتىسى دالىيەن تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلغان چېغىمىزدا بۇ تۇيغۇ قەدەممۇقەدەم بىزگە ھەمراھ بولۇپ، بارغانچە ئۆرلەپ ماڭدى. ئېلىمىزدىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى دېڭىز-ئوكيان تەتقىقات مەركىزى — دالىيەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىغا جايلاشقان بولۇپ، بىزنىڭ ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىمىز ئېلىمىز پەن-تېخنىكىسىنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىيات قەدىمىنى نامايان قىلاتتى ۋە شۇ تۈپەيلى ئادەمنى خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرەتتى. مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا مېنى ھاياجانلاندۇرغان يەنە بىر ئىش، يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان مەكتەپ كۇتۇپخانىسى بولدى. 8400 كۋادرات مېتىرلىق ئىلگىرىكى مەكتەپ كۇتۇپخانىسى ھازىر شەرقىي شىمالدىكى ئەڭ چوڭ بىلىم بۆشۈكلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۈچۈنمۇ ھەر مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىدىغان بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ھازىر 19 مىڭ نەچچە يۈز كۋادرات مېتىر (سەل كەم 20 مىڭ كۋادرات مېتىر) كېلىدىغان، زامانىۋى قۇرۇلمىلىرى تەل، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىلىك كۇتۇپخانا سېلىۋېتىپتۇ.



«بەيچۈەن كۇتۇپخانىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ كۇتۇپخانا 1999-يىل 5 - ئايدا رەس-

مىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدىكەن. بۇلارنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ مەن يىراقتا، يۇرتۇمدا قالغان، ئۆزۈم خىزمەت قىلىدىغان ئىلى ۋىلايەتلىك كۈتۈپخانىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدۈم...

ماڭا تەسىر قىلغان ئۈچىنچى نەرسە، دالىيەنلىكلەرنىڭ ساپا قۇرۇلمىسى بولدى. مەن ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن ئۆلكە، شەھەرلەرگە بارغان. بىراق مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك، قەددى- قامەتلىك دالىيەن كىشىلىرى كۆڭلۈمدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مەيلى تاشقى كۆرۈنۈشى، مەيلى سۆز- ھەرىكىتى، باشقىلارغا مۇئامىلىسى جەھەتتىن بولسۇن، دالىيەن پۇقرالىرى ئادەمدە بىر خىل ئەكسىي، سىپايە ۋە يېقىملىق تەسىر قالدۇرىدىكەن. ئۇلاردىن گەپ سورىسىڭىز، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئەستايىدىل جاۋاب قايتۇراتتى. بىزنىڭ غەيرىي چىراي -تۇرقىمىز، كىيىم- كېچىكىمىز ۋە ئۆزلىرىگە ناتونۇش تىلدا تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقىنىمىزنى كۆرگىنىدە ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ ئەدەبلىك بىر قىزىقىش ئىلكىدە بىز توغرىسىدا سۆزلىشەتتى ۋە بىزگە قاراپ دوستانە شەرەت قىلاتتى. مۇشۇ سەپەردە مەن شىنجاڭدا بىرىنچى قېتىم يوللاردا ۋە ئاسار - ئەتىقە بۇيۇملىرى ساتىدىغان بىر ماگىزىندا كىيىمىزنى دوراپ كەيپىمىزنى ئۇچۇرغان بىرىنچى يولۇقچىدىن ۋە ياش مۇلازىملاردىن رەنجىگەنىدىم. لېكىن دالىيەندە بىز ئۇچراشقان مۇئامىلە پۈتۈنلەي بۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئىللىق، ئىلمىي، دوستانە ۋە ھۆرمەتچان مۇئامىلە بولدى. مانا بۇلار دالىيەن خەلقىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ساپاسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىكتۇر. راستىلا، بىز دالىيەنگە بارغان تۇنجى كۈنى، چۈشتىن كېيىنلىكى «مۇقەددەس ئاسىيا سودا دۇنياسى»غا كىرىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا پەلەمپەيدە تۇرغان، قالتىس ياسانغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال قولىنى كاۋاپ يېگەندەك ئاغزىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ مەسخىرىلىك كۈلكە بىلەن يېنىدىكى ئىككى ئەر ھەمراھىغا بىزنى شەرەتلەپ «ياڭروچۇەن» دېگىنىدە، ھەمراھلىرىنىڭ بىرىنچىسى رەنجىپ ئۇنى تەگەشكەندەك قىلىۋىدى، سەل ئۆتۈپ ھېلىقى ئايالنىڭ باشقا ئۆلكىدىن كەلگەن مەخسۇس ساياھەت ئاپتوبۇسىغا چىققانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. خۇدايا شۈكۈر، دېگەن بىلەن ئۇ دالىيەنلىك ئەمەس ئىكەن!

دالىيەنلىكلەر تازىلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن. كوچىلار پاكىز، ئازادە ۋە رەتلىك، قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئەخلەت ساندۇقلىرى قويۇلغان بولۇپ، بۇ ساندۇقلار ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان شەكىل ۋە رەڭلەردە لايىھەلەنگەن. بىر ئەخلەت ساندۇقىنىڭ قاپقىقى ئىنتايىن يەڭگىل ھەرىكەتچان لايىھەلەنگەن بولۇپ قاپقا كىرگىنىدە تۆت بۇرجەك، رەڭلىك قارىغا ئېتىش تاختىسى بېكىتىلگەن. ئۇنى كۆرگىنىمىزدە، سەزگۈسىز ئىختىيارسىز قولىمىزدىكى ياكى ئۆپچۆرىدىن تېرىپ كەلگەن ئەخلەتنى «قارىغا ئېتىش» ئىشتىياقىمىز تۇغۇلىدۇ. دېمەك، بۇ ساندۇق ھەزگىسە ئەخلەتنى شۇنداق ماھىرلىق بىلەن ئۆزىگە تاشلاتقۇزىدۇ.

دالىيەندە ئۇرۇش-جېدەل، ۋارقىراش- جارقىراشلارنىمۇ يولۇقتۇرمىدىم. دالىيەن شەھىرىدە ئادەممۇ، ماشىنىلارمۇ بەك كۆپ ئەمەسكەن. رەتلىك، چىرايلىق كىيىنگەن ئادەملەر ئارىسىدا بىكارچە لاغايلاپ يۈرگىنى يوق دېيەرلىك. كىرا ماشىنىلىرىغا سەپسېلىپ باقتىم، ئەلا ئاددىيسى سانتانا ئىكەن. دالىيەن خاتىرە مۇنارىسى ئالدىدىكى مەيداندا مەن سانسىز كەپتەرلەر ئارىسىدا ئۇلارغا دان چېچىپ يۈرگەن دالىيەنلىكلەرگە قاراپ، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ سۈپىتىگە يەنە بىر قېتىم قول قويدۇم.

دالىيەندىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆزگىچىلىكى ماڭا تەسىر قىلغان تۆتىنچى ئامىل بولدى. بۇ ھەقتە ماقالەمنىڭ بېشىدا ئازراق توختىلىپ ئۆتكەنىدىم. يول بويىدىكى بىنالارغا قارىسىڭىز، ھەر بىرى بىر خىل پاسون - رەڭدە، ئۇسلۇبىمۇ خىلمۇخىل: بىرلىرى يېرىم ئاي شەكلىدە، بىرلىرى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە. ئوتتۇراق ئۆيلەرمۇ بىزدىكىدەك ئاددىيلا سېلىپ قويۇلغان ئەمەس: ئۈستىلىرىگە ۋە ھەر بىر بالكونلىرىغا ھەر خىل شەكىللەر قوندۇرۇلغان، نەقىشلەر چېقىرىلغان، ھەر خىل رەڭلەردە سىرلانغان، قارىسىڭىز تۈرلۈك سەنئەت بۇيۇملىرىنى قاتار

ETHNIC UNITY

تىزىپ قويغانەك كۆرۈنىدۇ. چەت ئەل پاسونىدىكى ئىمارەتلەر بۇ يەردە قەدەمدە بىر ئۇچرايدىكەن. يەنە دېڭىز ياقىلىرىدا قاتار تىزىلىپ كەتكەن چاقچان-چاقچان سېلىنىپ، ئۆگزىسى ئالدى ئاپئاق سىرلانغان ياغاچلار بىلەن قاشالانغان ئولتۇراق ئۆي، داچىلارمۇ زوقىڭىزنى كەلتۈرىدۇ. 23- نويابىر يەكشەنبە يېرىم كۈن بازار ئارىلاپ، شەھەر مەركىزىدىكى «باداجې»گە كەلدۇق. دېگەندەك، چوڭ گۈللۈكنىڭ 8 تەرىپىگە، 8 كوچىنىڭ ئېغىزىغا 8 دۆلەتنىڭ ئۇسلۇبىدا سېلىنغان 8 چىرايلىق، كونا-يېڭى بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ مەنزىرە ھەممىمىزنى تەڭلا ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

دالىيەن كوچىلىرىغا قويۇلغان ناملارمۇ دىققىتىمىزنى تارتقان بىلەن... تارتىپ قىلدى. بۇ يەردە قايسىلا شەھەرگە بارسىڭىز تېپىلىدىغان، بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نامدىكى كوچىلار؛ ئازراق ئۆزگىچە، تارتىملىق ئىسىم بىلەن ئاتالغان كوچىلار؛ يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، رومانتىك تۈسكە ئىگە كوچا ئىسىملىرى كۆپ ئىكەن. مەسىلەن: مەن ئالايىتەن قىزىقىش بىلەن خاتىرە دەپتىرىمگە يېزىۋالغان «قېرىماس كوچا»، «شەپقەت كوچىسى»، «قىرانلار كوچىسى» دېگەندەكلەر شۇ مىسال جۈملىسىدىندۇر. راستلا، دالىيەندىكى كۈنلىرىمدە مەن «قېرىماس كوچا» سەرلەۋھىلىك بىر شېئىرمۇ يازدىم.

«مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەندەك بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە داۋامىدا نۇرغۇنلىغان ياخشى جايلار، ياخشى كۆرۈنۈشلەر قاتارىدا دالىيەندىن ئىبارەت قالتىس ئېسىل يۇرتنىمۇ كۆرۈپ ھاياجانلاندىم. ئاز بولمىغان زوق ۋە تەسىراتلارغا چۆمۈلدۈم. يۇقىرىدا يازغانلىرىم شۇ تەسىراتلىرىمىزدىن بىر بۆلەك. ياخشىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە شۇ ياخشىنىڭ تەرىپىنى قىلماقمۇ ئادەمگە لەززەت بېغىشلايدىكەن. ئۇقۇرمەن دوستلارغا يازغانلىرىمدىن ئاز-تولا نەپ يوقۇپ، تەسىراتلىرىمدىن تەسىرلىنىپ قېلىشسا ئەجەب ئەمەس.

(ئاپتور: ئىلى ۋىلايەتلىك كۈتۈپخانىدا)

## تەكلىپ

(شېئىر)

قېيۇم تۇر

ئەل بېشى سەن باشلىقىم، سەھرانىمۇ كۆرۈپ كەت،
بىرلىرىدىن قايغۇرۇپ، بىرلىرىدىن كۈلۈپ كەت.

ئاۋات بۈگۈن يۇرت- سەھرا، بۇ ئەجرىنىڭ شاھىدى،
شۇ دېھقانىنىڭ ئەجرىنى چىن، ھەققىي تونۇپ كەت.

قاشاسىزدۇر باغلىرى خۇددى ئۇچۇق كۆڭلىدەك،
ئالما، شاپتۇل، نەشپۈتتىن ئۈز قولۇڭدا ئۈزۈپ كەت.

شاۋقۇن- سۈرەن، تۇتۇن دەپ زېرىككەنسەن شەھەردىن،
سالا ئېتىز، يوللاردا بىرەر مەزگىل يۈرۈپ كەت.

بەلكىم چىقىپ قالغانسەن رېستوراندا ناتامدىن،
يۇلغۇن قالاپ پىشۇرغان تۇماچىنىمۇ كۆنۈپ كەت.

پەرھات كەبى تاغ تېشىپ سۇ ئەكەلدۇق چۆللەرگە،
ئاشۇ ئۆستەڭ سۈيىگە بىرەر قېتىم چۆمۈپ كەت.

«ئاق ئالتۇننى قازار» دەپ پاختىكارنى ماختايسەن،
كېۋەزلىكنىڭ قىرىدا بىرەر سائەت تۇرۇپ كەت.

ئۆرۈلگەننى ئاڭلىدىم ئۆپكەڭ يالغان ساناقتىن،
شۇ راست بولسا، خامانىدا تۆت-بەش گۈرجەك سورۇپ كەت.

ئازايت دېيسەن تەكىنلەپ سېلىقنى دېھقاننىڭ،
كۈنجۈرە ۋە دورىنى خالىسانە بۆلۈپ كەت.

ئۆچ ئىكەنسەن ئاڭلىسام پارىخورغا، دودەڭگە،
ئۇشۇق ھەيۋە قىلغاننىغا قاپقىڭنى تۈرۈپ كەت.

قالايمىقان بوپ قالدى پىلان، تەدبىر بەزىدە،
ئۆزۈڭ سېلىپ تەرتىپكە چىرايلىقراق تۈزۈپ كەت.

ئەلنىڭ غېمى - ئەر غېمى، رەھبەر دەردىنىڭ مەلھىمى،
چارە تېپىپ، مۇڭدىشىپ، ئەل ئىشقىدا كۆيۈپ كەت.

سېنى تەستە كەلدى دەپ، قۇرايلى بىز چوڭ بەزمە،
مول داستىخان ھەم ئىززەت ھۆرمۈرنى سۈرۈپ كەت.

(ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

ETHNIC UNITY

ئالتۇن لۇغەت: يىتقان — كېچىسى سىزنى قوچاقلاپ يېسىپ ياتىدىغان، ھارارىتىڭىزنى راھەتكە تېگىشىپ بېرىدىغان خوجايىن. (ھەركىن ئەھمەدۇللا)

# مەنمەنلىك، مەغرۇرلۇق مۇدھىش مەرەزدۇر

(يىغىندا سۆزلەنگەن مەسلىھەت)

مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

ھۆرمەتلىك مېھمانلار:

مەن مىللىتىمىز مەنىۋىيىتىنى مولالاشتۇرۇشقا مىگە ماگدۇرغاننىڭ مابەينىدە، مەلۇم مىقداردىكى مىللەتداشلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىدە مىللىي مەنىۋىيەتكە ماسلاشمايدىغان مەنمەنلىك، مەغرۇرلۇق مايىللىرىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلىدىم.

مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى مولالاشتۇرۇش مىللىتىمىزنى مەشھۇر مىللەتلەر مۇنبىرىگە ماگدۇرۇشنىڭ مول مەنىلىك مەسلىھەتىدۇر. مۇشۇنداق مەسلىھەتكە ماسلىشىشقا مىگە ماگدۇرماي، مەنمەنلىك، مەغرۇرلۇقنى مۇرىسىگە مىندۇرۇۋالغان مېھمانلىرىمىزغا مەنمەنلىك، مەغرۇرلۇقنىڭ مىللىتىمىزنى مەھكۇملۇق ماكانىغا ماگدۇرىدىغان مۇدھىش مەرەزلىكىنى مەلۇملىماقچىمەن:

مەھەللىمىزدىكى مەدەنىيەتلىك موزدوز ماموت موزدوزلۇقتىن مەنپەئەتلىنىپ موتىسكلىتقا مىنگەنىدى، مۇشۇنىڭغا مەھەللىدىكىلەر مەھلىيالاندى. ماموت ماگار - ماگار موتىسكلىتقا مىنگىنىدىن مەغرۇرلىنىشتىن مېھرىنى مۇتلەق مەھرۇملىيالمىدى.

ماموتنىڭ مەنمەنلىك، مەغرۇرلۇقى مەھەللىدىكىلەرنىڭ مەھلىيالىقىنى مۇزلاتتى. مەڭگۈلۈك مۇھەببىتى مەريەممۇ مەنمەن مىجەزىنىڭ مەڭگۈلۈك مۇھەببەتكە ماسلىشالمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ماموتنىڭ ماراشلىرىغا ماسلاشماي مۆكۈۋالدى...

مۇشۇنداق مىجەزى ماموتنى مەھەللىنىڭ مېھرىدىن، مەريەمنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇملىدى.

مېھر - مۇھەببەتكە مۇھتاج مېھمانلار!

مەنمەنلىك، مەغرۇرلۇق، مىچاقلىق، مۇرىمىزگە مىنىۋالسا مېھر - مۇھەببەتتىن مەڭگۈ مەھرۇممىز؛ مەنىۋىيىتىمىزنى مولالاشتۇرۇپ، مۇلايىم مىجەزدە ماگاق مەڭگۈ مېھر - مۇھەببەتكە مۇشەررەپمىز!

مىللەت مەنىۋىيىتىنى مولالاشتۇرۇشقا مايىل مەسلەكداشلار:

مەنمەنلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، مەككارلىق، مادارسىزلىق، ماھارەتسىزلىك، مەدەنىيەتسىزلىك، مەدىكارلىق، مەرھەمەتسىزلىك، مەزھەپچىلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك، مەينەتچىلىك، مۇتەئەسسىپلىك، مۇناپىقلىق، مىجىقلىق، مەغرۇرلۇقتەك مەرەزگە مىلىنىپ مېھر - مۇھەببەتنىڭ مەرھەمەت مۇنارىدىن مولالىقلمايلى، مىللەتنى مەھكۇملۇق ماكانىغا ماگدۇرمايلى!

مۆھتەرەم مۇھەررىر، مەزكۇر مەسلىھەتىمنى مۇناسىپلىقتا ماقۇللىسىڭىز مىللەتداشلارنىڭ مۇلاھىزىسىگە ماگدۇرغايسىز.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيە تۆۋەن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە)

# يەنىمۇ يۈكسەل يۇرتۇم

(«ي» ھەرپى بىلەن يۈرۈشلەشكەن سۆز ئويۇنى)

ئەنۋەر ئابلەت (شەيدائى)

يېقىملىق يۇرتۇم — يەر يۈزىدىكى يورۇق يۇلتۇزسەن، يېپەك يولىدىكى يېشىل ياقۇتسەن، يۈرىكىمنى يىلىنجاتقان يالقۇنسەن، ياشلىقىمنىڭ يوپۇغىسەن، يۈرىكىمنىڭ يىلىكىسەن!

ياپىر، يىراق - يىراق يىللاردىكى يالدامىلارنى يىنىش- يىنىشلاپ يادلىسام، يۈرەكلىرىم يىقىمسىزلىنىدۇ: يارلىقلار، يول ياقىلىرىدىكى يانتاقلار، يۇلغۇنلار، يالپۇزلار؛ ياسالمىغان يوللار، يانتۇ يېتىشقان يىرتقۇچلار، يوللارغا يېيىلغان يۇندىلار... يۈرەكتىكىنى يىغقاندا، يول يۈرمەكنىڭ يامانلىقىدىن يۇم - يۇم يىغلاشاتتۇق، يېتىمسىرەيتتۇق.

يېقىنقى يىللارنىڭ يېڭىلىقلىرىنى يەشسەك يۈرىكىمىز يايرايدۇ: يۇرتىمىزدىن ياقۇپ، يۇنۇس، يالقۇن، ياسىن، يولۋاسلاردەك يارامىلىق يېتەكچىلەر يولباشچى، يۆلەكچىلەر، يازغۇچى يىگىتلەر يېتىلىپ، يېڭىلىققا يۈزلىنىشتى؛ يۇرتداشلارنى، ياشلارنى يامان يولدىن ياندۇرۇپ، ياخشىلىققا يۈزلەندۈرۈپ، يامانلىقتىن يىرگەندۈردى؛ ياخشىلارنىڭ ياردىمى، يار - يۆلەكچىلىكى يۈكسىلىش يولىمىزنى يورۇتتى. يامانلىق، يارىماسلىق، ياتسىراشلار يوقىلىپ ياخشىلىق، يارىشىش، ياقتۇرۇشقا يۈزلەندى، يۈرەكلەر يايرىدى.

يۇرتۇم - ياشاش يولۇمدىكى يىمىرىلمەس يۆلەنچۈكۈم، يولباشچىمسەن. يالقۇنلۇق يۈرىكىم - يۈرىكىڭگە ياندىشتۇر؛ ياشاش يۆنىلىشىم يۈكسىلىش يولۇڭدا يېتىلگەن يازغۇچى يىگىتىڭمەن. ياش يۈرىكىمدىن ياغرىغان يازمىلىرىم يۈرىكىڭگە ياقسىلا، يېزىش يولۇم يەنىمۇ يورۇپ، ياشلىق يۇلتۇزۇم يەنىمۇ يىلىنجاپ يادىڭدا يادلىنارمەن. يازمىلىرىمنى يامغۇردەك يامرىتىپ ياشىرارمەن.

يەنىمۇ يۈكسەل يۇرتۇم!

(ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەيدۇ)

ETHNIC UNITY

ھەيران لۇغەت: تارغاق — چاچنى رەتلەش جەريانىدا باش تېرىڭىزنى سىيپىۋالىدىغان قورال... (لەرگىنى يەھيدۇللا)

# مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرگە ۋەدىسى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: ئەگەر سىز كىتاب ئوقۇشقا ئامراق بىلىمخۇمار كىشى بولسىڭىز، 1999 - يىلى 1 - سانىدىن باشلاپ ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن سەھىپىلىرى تېخىمۇ جانلاندۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بەزى سەھىپىلەردە بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر بەزەرىڭىزدىن ساقىت بولمىغاي:

**«بىلىم دۇردانىلىرى»** سەھىپىسى قايتىدىن تەسىس قىلىنىپ، ھەر ساندا دۇنيا مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ جەۋھەرلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ: مەسىلەن، **«ياۋروپانىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى»**، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ **«بىلىم بايرىمى»**، **«ئامېرىكىنىڭ سەممىيلىك بايرىمى»**، **«تۇغۇلغان كۈندە شام پۈدەشنىڭ كېلىپ چىقىشى»**، چەت ئەللىكلەرنىڭ **تاق سانلارغا ئامراقلىقى ۋە ئۆچلۈككە ئائىت قىزىقارلىق** بايانلار ۋە ۋەھاۋاكازالار. بىلىم دۇردانىلىرىنى مۇھەررىرلىرىمىز تەييارلىغاندىن تاشقىرى، تەۋسىيە قىلىپ بىزگە ئەۋەتىپ بەرگۈچىلەرنىڭ ماقالىسى ئىشلىتىلسە، خاتىرە بۇيۇمى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ، قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ ياكى نام - شەرىپى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىدۇ.

**«بەت ئاستى چىمەنزارى»** سەھىپىسىدە **«مەن ئامراق ھېكمەتلىك سۆز»** ناملىق كىچىك سەھىپە تەسىس قىلىنىپ، ھېكمەتلىك سۆزنىڭ ئاپتورى ۋە ئۇنى تەۋسىيە قىلغۇچىنىڭ نامى ئېلان قىلىنىدۇ، ھەم تەۋسىيە قىلغۇچىغا خاتىرە بۇيۇمى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ، بىر ھېكمەتلىك سۆزنى بىرنەچچە كىشى تەڭلا تەۋسىيە قىلسا تەڭلا ئېلان قىلىنىدۇ. تەۋسىيە قىلغۇچى ژۇرنىلىمىزنىڭ تەلەيلىك ئوقۇرمەن دېگەن تىزىملىكىگە ئېلىنىدۇ ھەم توپلام ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ.

**«كۈلكە خۇرۇچلىرى»** سەھىپىسى تېخىمۇ سەرخىللاشتۇرۇپ، ھەر ساندا مۇئەييەن تېمىلارغا ئائىت يۇمۇرلار، مەسىلەن: **«ھاماقەت ئەر ۋە نادامەتكە قالغان ئايال»** غا ئائىت يۇمۇرلار؛ **«ئەخمەق ئەر، ئەخمەق ئايال»** غا ئائىت يۇمۇرلار، **«رومانتىك جۈرىلەر»** گە ئائىت يۇمۇرلار؛ ئامېرىكا يۇمۇرلىرى، **تۈركىيە يۇمۇرلىرى** دېگەندەك تېمىلاردا بىرنەچچىدىن قىزىق يۇمۇرلار ھەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىجادى يۇمۇرلىرىمۇ تونۇشتۇرۇلۇپ، ئولتۇرۇشلارنىڭ يۇمۇرچىلىرى يېڭى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

**«دۇنيا مىللەتلىرى»** سەھىپىسىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قىزىقارلىق، بىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئۆرپ - ئادەتلىرى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئەلسۆيەر» تەخەللۇسى بىلەن بېرىلىۋاتقان ئۆز ئەھۋالىمىزغا تەدبىقلانغان ياندىشما ئوبزورلار بېرىلىدۇ.

**«جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر»** سەھىپىسىدە، ئەڭ يېڭى نەشىردىن چىققان، دۇنيا ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن **«تايمىس تەرمىلىرى»** ناملىق ئىككى توملۇق كىتابتىن تەرمىلەر تەرجىمە قىلىنىپ، تۆنجى قېتىم ژۇرنىلىمىزدا تونۇشتۇرۇلىدۇ: مەسىلەن **«ئۆزىڭىزگە بىر پۇرسەت بېرىڭ»**، **«ھەممە كىشى بىرىنچى»** **«خۇشاللىق - بىر خىل تاللاش»**، **«تارىخىڭىزنى يېزىپ قويۇڭ»**، **«دېگىلى بولمايدىغان راست گەپ»** ۋەھاكازالار.

**«تۇرمۇش - بىر كىتاب، ھەر بىر يېڭى بەتنى ئاچقىنىڭىزدا، ئۇنىڭدا سىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى بايقايسىز»**، مۇشۇنداق تەپەككۇر جەۋھەرلىرىگە قىزىقامسىز؟ ئەگەر قىزىقسىڭىز، كېلەر يىل ژۇرنىلىمىزنى ئوقۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماڭ. مۇھەررىرلىرىمىز ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرگە شۇنداق ۋەدە قىلىدۇكى: كېلەر يىل ژۇرنىلىمىزنى ئوقۇغانلار دەرماندا، ئوقۇمىغانلار ئارماندا!

**ئوقۇرمەنلەر سەمىگە:**

ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق سانلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىش، جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇرۇش، مۇقاۋا ۋە ئىچكى بەتلىرىنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈش ئۈچۈن سىزنىڭ سەمىمىي تەكلىپ، پىكىر ۋە تەنقىد بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

سىز ژۇرنىلىمىزنىڭ قايسى سەھىپىلىرىدىكى قانداق ماقالە ـ ئەسەرلەرنى ياقتۇرىسىز؟

سىز ژۇرنىلىمىزنىڭ قايسى سەھىپىلىرىدىكى قانداق ماقالە ـ ئەسەرلەرنى ياقتۇرمايسىز؟

سىزنىڭچە، ژۇرنىلىمىزدا قانداق يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ؟

كۆچەيتىشكە ۋە يېڭىدىن ئېچىشقا تېگىشلىك سەھىپىلەر قايسىلار؟ سىز بىزگە قانداق ئەسەرلەرنى ئەۋەتىپ بېرەلەيسىز؟

ژۇرنىلىمىزنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە سىز قايسى تەرەپتىن ئۆزگەرتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈر دەپ قارايسىز؟

ئىسىم ـ فامىلىسى: ________ مەدەنىيەت سەۋىيىسى: ________

ئادرېسى: ________ پوچتا نومۇرى: ________



ETHNIC UNITY

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى.

كىم بىزنى خار قىلالار ۋەتەن بار تۇرسا،
كىم بىزدىن زوقالالار ئىستىقبال بار تۇرسا.
ۋەتەننىڭ قەدرىنى ۋەتەنسىزلەردىن بىل،
بابۇر شاھ نەزىدە ھەتتا زار تۇرسا.

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن

ۋىجدانى پاك كىشى
ھېچنېمىگە ھەسرەت قىلماس.

— گوركى

خەتتات: قاھار ئوسمان



ئوغۇل قىزغا ئۆگەت يېزىق بىلىم،
يېزىق بىلەن بولسۇن خۇلقى مۇلايىم.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ۋەتەننى سۆيۈش ھەقلىق ئىشتۇر

شەيتان لۇغەت: ئاغزا — بەگلەرنىڭ ئىمزىكى. (ئەركىن ئەبەيدۇللا)

# 民族团结

国家民族事务委员会主办

（用汉、蒙古、维吾尔、哈萨克、朝鲜文出版）

出版/民族团结杂志社

①

社长、总编辑
李金池（苗族）
副社长、副总编辑
刘金锁（蒙古族）
副总编辑
伊德里斯·巴拉提
（维吾尔族）
陈乐齐（侗族）
副社长
张德安（蒙古族）

（维吾尔文版）
（总第60期）
编辑：民族团结杂志社维文室
●主编
伊德里斯·巴拉提
●副主编
亚森·阿瓦孜
●值班编辑
哈米提·尼格麦提

地址：新疆乌鲁木齐市和平南路204号2号楼D单元
邮政编码：830001
印刷：新疆日报社印刷厂
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
全国统一刊号：CN11—1557
邮政发行代号：58—117
出版日期：1998年9月15日


## 1998年第五期要目


●高层访谈

深入贯彻十五大精神　把民族工作全面推向新阶段……………陈虹

●纪念《民族团结》杂志维吾尔文版创刊十周年专页

祝贺与希望——祝贺《民族团结》杂志维吾尔文版创刊十周年……………新疆维吾尔自治区主席阿不来提·阿不都热西提

路——为纪念《民族团结》杂志维吾尔文版创刊十周年……………维文室

知识源泉（诗一首）——献给《民族团结》杂志维吾尔文版创刊十周年……………阿布都克里木·吾马尔

●网络时代

知识经济与中国少数民族……………本刊记者郑茜

雅虎 yahoo 的故事及其他……………许寿椿、赵富芬

●展望世界

美国见闻录……………伊德里斯·巴拉提

●人物

顽强的精神，光辉的奇迹——访博士后阿不都热西提·亚库甫……………阿布都克里木·热合曼

●说说我的民族

为了健康教育后代　奉献出自己的那份责任……………阿布都肉苏里·阿布都热合曼

●知识荟萃

博士后制度的由来……………

成功之路（等五则）……………

●健康与长寿

预防早衰的七种食品（等四则）

●花坛

东行见影（组诗）……………买买提艾力·祖农

大连见闻录……………马合木提·穆罕木德

建议（诗一首）……………克尤木·吐尔

●画页

封面：为纪念《民族团结》杂志维吾尔文版创刊十周年的组合图

封二：司马义·艾买提、李晋有、艾斯海提·克里木拜等领导题词：祝贺《民族团结》杂志维哈文版创刊十周年……………

彩一：维文室编辑人员的心语……………

中心页：十年足迹……………

彩二：哈文室编辑人员的心语……………

封三：十周年献词……………

封底：介绍喀什地区电影发行公司……………

# ئەجىر قىلىپ گۈل ئۆستۈردۇق ئون يىل قىش، ياز
# گۈل ئاتتىمىشى مەدەت بىزگە، كۆڭۈللەر ساز

## — ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

قەلب تۆرىمىزنىڭ ئىززەتلىك مېھمىنى، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

ژۇرنىلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى 60 - سانىنىڭ قولىڭىزغا تەگكەنلىكى ئۇنىڭ مۇبارەك يېشىغا 10 يىل بولغانلىقىنىڭ تەنتەنىلىك جاكاسى!

بىـز بۇ 10 يىلدا كىشىلىك ھاياتنىڭ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلىرىدا، كۈلكە - يىغالىرىدا، قانائەت - ئۆكۈنۈشلىرىدە ئۆزىمىزنى ھەردەم تاۋلاش بەدىلىگە ئۆز سىمايىمىزدا ئايرىم پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزگىچە نەتىجە، شان - شەرەپلەرگە نائىل بولدۇق.

بىز بۇ 10 يىلدا سىزنىڭ كۆڭۈل ئارامىڭىز، مەنىۋى ئېھتىياجىڭىز، ھوقۇق - مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن، جىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتۇق: ئەتراپىمىزنى زىچ چۆرىدەپ تۇرغان، تاتلىق - تاتلىق پىچىرلاشلىرى بىلەن بىزگە مەدەت ۋە ئىلھام بەخش ئېتىدىغان ماھىر ئاپتور، كىتابخانلىرىمىز بولسىكەن، دەپ ئىزدەندۇق، ئۆگەندۇق، ئىشلىدۇق؛ ئاقكۆڭۈل كىتابخانلىرىمىز ئايىغى ئاستىدىكى داغدام يول بولالمىساقمۇ، چىغىر يول بولۇشنى كېچە يۇ - كۈندۈز ئويلىدۇق؛ شاپائەت يامغۇرى ياغدۇرۇپ بېرەلمىسەكمۇ، ئەزىم دەريالاردىن سۇ باشلاپ بېرەلمىسەكمۇ، ھايات بەخش زەم - زەم بۇلاقلارنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشتۇق؛ لەپىلدەپ چۈشكەن ئاپئاق قار، تۇساتتىن پەيدا بولىدىغان سىم - سىم يامغۇر، ياپراق تۆككۈچى شامالار بىزنى زېرىكتۈرەلمىدى. قىسقىسى، سىزنىڭ كۆلكىڭىزنى كۆلۈپ، يىغىڭىزنى يىغلىدۇق.

10 يىل ۋاقىت كىشىلىك تۇرمۇشىمۇ، تارىخ ئېقىنىدىمۇ ناھايىتى قىسقا ھېسابلىنىدۇ، ئەمما بىز ئۈچۈن تولىمۇ خاسىيەتلىك بولغان 10 يىل بولدى: ژۇرنىلىمىزنىڭ تىراژى دەسلەپكى بىرنەچچە مىڭدىن ھازىر 90 مىڭغا يېقىن بولدى، سەھىپىلەر بېشىپ 30 غـا يەتتى، مەزمۇنى موللاشتى، شەكلى خىلمۇ خىللاشتى، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىگە ياقتى. 10 يىللىق سىردىشىش بىزنى غايىۋى دوستلۇق رىشتى بىلەن چەمبەرچاس چىتىپ، قەدىناس دوستلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى...

بۇ 10 يىلدا ژۇرنىلىمىز مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى نامايان قىلىدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆزنەككە؛ جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ «ھەممە يەس، تەقدىرداش، قەلبداش»لىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەككە؛ نوپۇزلۇقى، يېتەكچىلىكى، بىلىمچانلىقى، ئوقۇشلۇقلۇقى بىر گەۋدىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇنىۋېرسال ژۇرنالغا ئايلاندى. 10 يىل مابەينىدە ژۇرنىلىمىزدا تۈرلۈك ژانىردىكى ماقالە، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن 3016 پارچە، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدىن 2075 پارچە ئېلان قىلىندى. بۇ يىل ژۇرنىلىمىز دۆلەت ئاخبارات- نەشرىيات مەھكىمىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى يۈز خىل نۇقتىلىق قەرەللىك ژۇرنالنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. بۇ شان - شەرەپلەر چىۋەر، قابىل، پاراسەتلىك رەھبەرلەرگە؛ مەسئۇلىيەتچان، پىشىپ يېتىلگەن، ئەلسۆيەر دادىل قەلەمكەشلەرگە؛ پەن - بىلىمگە ئىنتىلگەن، كىتابخۇمار ئوقۇرمەنلەرگە؛ كېچە - كۈندۈز تىنماي ئىشلەيدىغان، جاپا ئىچىدىن لەززەت تاپالايدىغان ئىقتىدارلىق مۇھەررىرلەرگە مەنسۇپ، ئەلۋەتتە.

بىز شان - شەرەپنى سۆيۈنىمىز، پەخىرلىنىمىز، بىراق بۇ نەتىجىلەر ئۆتمۈشكىلا تەۋەدۇر! بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنىلىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك قىلىپ چىقىرىش ئۈچۈن، 21 - ئەسىرگە خاس ئۈچۈر، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە مـۇناسىپ ماقالە، ئەسەرلەر ئۈستىدە پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئىزدىنىپ، ئەجىر سىڭدۈرۈپ، بىلىمگە، يېڭىلىققا تەشنا ئوقۇرمەنلىرىمىزنى تېخىمۇ جەلپ قىلىشقا تىرىشىمىز! ئەمدىكى 10 يىلىمىز 21 - ئەسىرنىڭ قەدىمىگە ماس ھالدا تېخىمۇ سەلتەنەت قۇچقۇسى!



باش دىرېكتور ئوبۇلقاسىم ئامان كارخانىنىڭ چىقىش
يولى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.



ئىتتىپاقلاشقان رەھبەرلىك بەنزىسى.






سېتىلىش ئالدىدا تۇرغان رەڭگا رەڭ چىراغلار ۋە توك
ئۈسكۈنىلىرى.



شىركەت مېھمانخانىسىدىن بىر كۆرۈنۈش.

# قەشقەر ۋىلايەتلىك كىنو فىلىم تارقىتىش، قويۇش شىركىتى سىلەر ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىدۇ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايەتلىك كىنو فىلىم تارقىتىش، قويۇش شىركىتى — 11 ناھىيە، بىر شەھەردىكى كىنو فىلىم تارقىتىش، قويۇش ئورۇنلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرىدىغان ئورۇن. بۇ شىركەت فىلىم تەكشۈرۈش، كىنو ئاپپاراتلىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىق تېخنىكا ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ ھەمدە ھەرقايسى جايلارنى كىنو ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شىركەتتە خەت ئۆرۈش، كۆپەيتىپ بېسىش كەسپىمۇ تەسىس قىلىنغان؛ بۇ شىركەت قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقانلىقتىن ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ كىنو مېھمانخانىسى قۇرغان، مېھمانخانىدا تۈرلۈك يېمەك - ئىچمەكلەر ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. شىركەتتىكە قاراشلىق كىنوخانا ۋە سىنئالغۇخانىلار تاماشىبىنلارغا يېڭى - يېڭى فىلىملەرنى سوۋغا قىلىدۇ، جەمئىيەتكە ئەلا مۇلازىمەت قىلىدۇ. باش دىرېكتور ئوبۇلقاسىمنىڭ تېلېفونى: 2822430 (0998)، كىنو مېھمانخانىسى: 2822277 (0998)، مەمۇرىي ئىشخانا: 2824314 (0998)، كىنو ئۈسكۈنە مۇلازىمەت بۆلۈمى: 2821109 (0998)، كەسپىي بۆلۈمى: 2822873 (0998).

«民族团结» 维吾尔文版 （双月刊） «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (قوش ئايلىق ژۇرنال)
国际标准刊号 ISSN 1002 — 9184 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى
全国统一刊号 CN11 — 1557 مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى
定价 3.00 元 باھاسى 3.00 يۈەن
邮发代号 58 — 117 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى